ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

روزى سايىت

# ئاناتىلىم ـ زەرتىلىم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر **ئاچىل**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ **يىللارغا جاۋاب**

نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى **ئالدىدا**

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر **ئۆمۈر مەنزىللىرى**

تېيىپجان ئېلىيېۋ **تۈگىمەس ناخشا**

مۇھەممەد رەھىم **جان تەسەددۇق**

مۇھەممەتجان راشىدىن **ئانا تاغلار**

بوغدا ئابدۇللا **قەدىمي يارغولدا كەچ كۈز**

روزى سايىت **ئانا تىلىم — زەر تىلىم**

ئوسمانجان ساۋۇت **زېمىن قەسىدىسى**

ISBN 978-7-228-11687-4

9 787228 116874 >

定价:12.00 元

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

روزى سايىت

# ئانا تىلىم – زەر تىلىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

我的黄金母语：维吾尔文/肉孜·沙依提．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.6（2009.2 重印）
ISBN 978—7—228—11687—4

Ⅰ.我… Ⅱ.肉… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I 227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081052 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 肉孜·沙依提 |
| 编　　者 | 牙里坤·肉孜 |
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 责任校对 | 阿依古丽，古丽夏尔 |
| 特约校对 | 阿依古丽·亚森 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991—2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 3.875 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2008 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001—8000 册 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# نەشرياتتىن

شائىر روزى سايىت 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خوتەننىڭ گۇما نا-
ھىيسىگە قاراشلىق شەيدۇللا دېگەن يېرىدە سايىتئاخۇن ئىسىملىك كونا
ئەسكەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1951 ـ يىلى ئۇلارنىڭ ئائىلىسى خوتەن
شەھىرىگە كۆچۈپ كىرگەن . روزى سايىت 1958 ـ يىلغىچە خوتەندە
باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان . سايىتئاخۇننىڭ ئائىلىسى تار-
قاقلاشتۇرۇلۇپ (سۇسەن بولۇپ) ، خوتەننىڭ بۇزاق يېزىسىدىكى جاي
كەنتىگە ماكانلاشتۇرۇلغاندا، روزى سايىت دېھقانچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللانغان . 1962 ـ يىلى خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولغان . كېيىن يەنە دېھ-
قانچىلىق قىلغان . 1973 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . 1976 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈت-
كۈزگەندىن كېيىن، خوتەندە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىندە ئو-
قۇتقۇچىلىق قىلغان . 1980 ـ يىلدىن باشلاپ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنى-
لىدا مۇھەررىرلىك قىلغان . 2001 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كېسەللىك سەۋەبى-
دىن 57 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

روزى سايىتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1973 ـ يىلى
«قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «دېھقانمۇ داشۆگە كىردى» ناملىق
شېئىرى بىلەن باشلانغان . شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇنىڭ نۇرغۇن
شېئىر ـ داستانلىرى ئېلان قىلىنغان . ئۇ يەنە «بارات يازغان ھېكايە»
قاتارلىق بىرقانچە پارچە نەسرىي ئەسەر يازغان . ئۇنىڭ «يىپەك يولىدا
نورۇز»، «يۇرۇڭقاش ۋادىسىدا شادلىق» قاتارلىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي
فىلىملىرىنىڭ سېنارىيىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سۇ-

رەتكە ئېلىنغان .

روزى سايىتنىڭ بەزى ئەسەرلىرى مەملىكەت ھەم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، ئۆزىمۇ بىرقانچە قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان .

روزى سايىتنىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «قاشتېشنىڭ رىۋايىتى»، «بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن»، «مەرھابا»، «مۇھەببەتتىن پۈتكەن ناخشىلار»، «پاھ، دېھقانىنىڭ ھەيكىلى» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى بار. ئۇنىڭ دېھقانلار تېمىسىدا يازغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئەينى يىللاردا يېزىلاردا يۈرگۈزۈلگەن بەزى «سول» سىياسەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بەزىبىر ئاقىۋەتلەرگە قارىتىلغان . بۇ شېئىرلار ئۇنىئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنىپ، «دېھقان بولماق تەس» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، زور تەسىر قوزغىغان . ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مىللەتلەر نەشرىياتى «روزى سايىت شېئىرلىرىدىن» (ئىككى توم) دېگەن نامدا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى نەشر قىلدى .

بۇ كىتابقا شائىر روزى سايىتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .



# مۇندەرىجە

مېنىڭ شېئىرىيەت مىزانىم ........................ 1
ئىككى ئايەت بەك يامان ........................ 2
سوراڭ ........................ 3
ئۆكسۈمەس ........................ 4
بىرمۇنچە ........................ 5
ئۇيغۇر قىزى ........................ 6
ئالسا ئىكەن پەرۋايىغا ........................ 8
تاپىمدىم ........................ 9
پۇل دېگەن نەرسە ........................ 12
تومتاق گەپ ........................ 18
مىللىتىمگە بىر سۆز ........................ 22
ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم ........................ 23
ئەللىك ياشقا توشقان كۈنۈمدە ........................ 27
قانۇنىيەت ........................ 28
مىللەتلەر باراۋەر، قانۇن مۇقەددەس ........................ 29
نورۇزنامە ........................ 31
ھايات كىتابى ........................ 36
ھەيرانمەن ........................ 37
يەنە كەلمەيمىز ئالەمگە ........................ 38
ئۆزۈمگە نەسىھەت ........................ 40
پاھ، دېھقاننىڭ ھەيكىلى ........................ 42
دېھقـان دادام ........................ 47

دېھقاننى ئالدىغا سىلىشۋالدى ئىش ........................ 52
ئۆستى ........................................................ 59
دېھقان دەيدۇ ... .............................................. 62
شېئىري ئاخبار ................................................ 66
روھنى پاكلاش تەس ............................................ 69
دېھقان ........................................................ 74
بەزىلەر، ئەي بەزىلەر ... ..................................... 75
سۆيۈملۈك دېھقان .............................................. 78
نەزم ........................................................... 84
ئەر دېمە ....................................................... 85
كېسىۋەتمە ئۆرۈم چېچىكىنى ..................................... 86
ئەقىدە قانچە چىڭ بولسا ....................................... 89
بول ............................................................ 90
قەسەم .......................................................... 91
شېئىر ۋە شائىر ................................................ 92
روھي نابۇتلۇق بۆلەكتۇر ....................................... 93
بولغۇسى ........................................................ 94
تارىمغا نەزەر .................................................. 95
سىلىشتۇرما .................................................... 96
بىر سائىلنىڭ رىسالىسى ........................................ 97
بېغىشلىما ...................................................... 99
قىش پەسلىدە ئىككى تەمەچ ...................................... 100
تەڭرىتاغ، تارىمدا سىر، كەچمىش تولا .......................... 102
ئەۋلاد غېمى .................................................. 109
ئوغلۇمغا ....................................................... 112
ئارتۇقچە ...................................................... 113
يېشلىك ئاتمىشقا قىڭغايدى ... ................................. 114
ئانا تىلىم - زەر تىلىم ........................................ 115
يار ماڭا ۋىجدان يولى .......................................... 118

# مېنىڭ شېئىرىيەت مىزانىم

سۆيگىنىم شېئىر، بۇ كەسپىي ئىشتىياقتىن كەچمىدىم،
كۆيگىنىم ئارزۇ ۋەزىن، شۇ ئوت ـ پىراقتىن كەچمىدىم.
باغۇبوستانلارنى كەزدىم «پائىلاتۇن»غا مىنىپ،
«بەھرە»لەردىن بەھرىلەنگەندە تۇراقتىن كەچمىدىم.
بولسا رەختىڭ، تون كىيەمسەن ياكى كەمزۇل، ئىختىيار،
نۇسخا تاللاش بىر شەكىل، مەزمۇن ـ پۇراقتىن كەچمىدىم.
«يېڭىلىق» دەپ چاپتى خەقلەر «كونا» ياقماي كۆڭلىگە،
ئىزدىدى ئۆرنەك بۆلەك قىتئە ـ يىراقتىن، كەچمىدىم.
ئېيتتى: بەش يۈز يىلدىن ئاشتى بىر قېلىپتا بۇ نەزم،
كۆچمىسەك بولمايدۇ قىڭغىر ئولتۇراقتىن، كەچمىدىم.
مۇشت كۆتۈردى تەلۋە داۋراڭ، تارتتى تىغ ئىنكارچىلىق،
چىقمىدى ئىنكارغا لايىق ئوق ياراغدىن، كەچمىدىم.
«يا ئېچىشسۇن، يا قېچىشسۇن، بولمىسا ئۇ شېئىر ئەمەس!»
دەپ نەۋائىي پەرلىگەن بۇ شام چىراغدىن كەچمىدىم.



# ئىككى ئاپەت بەك يامان

ئىككى ئاپەت بەك يامان — زالىم بىرى، «ئالىم» بىرى،
زالىمى ئەركنى بوغار، ۋاھ، «ئالىمى» روھنىڭ كىرى.
ئىككىسى گەر ھەمتاۋاق، يوق يۇرتتا شادلىقتىن ئەسەر،
كۆلكە يىتكەي، باغنى چۇمكەر «ئىت - مۇشۇك»نىڭ خىر - خىرى.
ئالىمدىن پەتىۋا بار، زالىمدىن مۇشت، تىپىك،
كۆر، بۇ ھالدا كۆپ جاھاننىڭ يامغۇرىدىن گۆلدۈرى.
زۇلمى زالىم خۇددى خۇسراۋ بار بىساتى ھەيۋە، دوق،
ساختا ئالىم گەپچى - نەپچى - نەقلا مەستان كەمپىرى[1].
بىرىنىڭ كۆچ - قەھرى — پاي چەك، نە ئامالىڭ ئالمساڭ،
بىرىنىڭ مىكرى جازانە ئەھلىنىڭ تەشۋىق دىرى.
ئاۋۇ «چۇشتە چىقتى ئاي!» دەر، ماۋۇ يۇلتۇزنى چاتار،
كەشىپ، كارامەت دەر يورۇقتا ئاينى كۆرگەنلەك سىرى...
گەر تىلەك شۇ: دىل ئازادە، بەختىيار، ئەركىن ياشاش،
تائىغا ياق مەڭزىڭنى، ھەق بولسۇن مۇرادىڭ دىلبىرى.
يۇل چىمەندىن خار تىكەننى، بەلكى قول پەنجەڭ قانار،
ئەمما ھالى ۋاي تىكەنلىك بولسا گۈلشەن تەقدىرى.
روزى، سەن سۆزلە مۇدام بۇ ئىككى ئاپەتتىن قوشاق،
پەيلى زالىم، ساختا ئالىمدىن خەلق يۇرسۇن نېرى!

---

① مەستان كەمپىر — ئۇيغۇر خەلق داستان - چۆچەكلىرىدىكى ھىيلىگەرنىڭ ئوبرازى.

## سوراڭ

بۇ جاھان جەبرۇ جاپاسىن كۆڭلى ۋەيراندىن سوراڭ،
دوزىخى زۇلمەتنى كۆرگەن بەختى گۇمراندىن سوراڭ .
مۇددىئا بولسا ئىشق شەمشادىنى پەرۋىش قىلىش،
قاغدىلىپ تاشلاپ يوپۇرماق شېخى قالغاندىن سوراڭ .
«نە ئۈچۈن بۇلبۇل پىراق ھىجرىدە؟» بىلمەك بولسىڭىز ،
باغرى زەرداب، ئاھلىرى ئوت، بەختى يانغاندىن سوراڭ .
مەيلىڭىز بولسا مۇھەببەت سىرىنى ئۇقماق ئۈچۈن،
نۇرنى دەپ ئوت ـ شامدا كۆيگەن جىسمى خار جاندىن سوراڭ .
گەر لىۋى گەز ـ گەز بۇ چاڭقاق ھالنى ئەيىب ئەتسىڭىز،
ئۆزىڭىز تەشنايى لەۋ بولغان چېغى ئاندىن سوراڭ .
«كىم سېنى قويغان بۇ كۈن ـ ھالغا» دېمەكچى بولسىڭىز ،
ئەل بىلەن ھېچ كارى يوق خاندىن ۋە دەۋراندىن سوراڭ .
گەر دەلىل لازىم ئىكەن، كۆزنى ئېچىڭ، بىزنى تېپىڭ،
تاشقا چۈشكەن چىنە ياڭلىغ كۆڭلى سۇنغاندىن سوراڭ ! . . .

# ئۆكسۈمەس

ئەي ياران، شەكلەنمە ئالەمدىن، ھىدايەت ئۆكسۈمەس،
چىن مۇھەببەت، ياخشىلىق، مېھرۇ ھىمايەت ئۆكسۈمەس .
نەپسى شەيتان، روھى چىركىن ساختىپەزلەر بىر ئوچۇم،
«بىر ئوچۇم»لار پەيلىدىن بەلكى جىنايەت ئۆكسۈمەس .
رىزقى مىسكىننىڭ رەزىللەر ئەيشىگە يەمدۇر، شۇڭا
قانچە چەك قويغانسېرى ئاۋۇپ خىيانەت، ئۆكسۈمەس .
«ئەپقېچىپتۇ، يەپ قېچىپتۇ، سىپ قېچىپتۇ . . .» ۋەززۇھا،
ئون ئېغىز نىڭ توققۇزىدىن شۇ ھېكايەت ئۆكسۈمەس . . .
بىر قاراشقا چەرخى گەردۇن تەتۈر ئايلانمىش بۇ دەم،
توختىغاي ئۇ قانچە ئايلانسۇن، ناھايەت ئۆكسۈمەس .
نەۋباھارلىق تاغدا چەشمە شىلدىرى فونتان ياسار،
پەزلى پاكلىق، قەلبى ئاقلىق دەۋرى غايەت، ئۆكسۈمەس،
ئوڭنى تەتۈر تالىغاقنىڭ قىسمىتى شەرمەندىلىك،
ئەلنى شاد ئەتمەككە، بىل، پەرمان ـ ئىنايەت ئۆكسۈمەس !



## بىرمۇنچە

ھاياتلىق تەكتى دىشۋار، بىل، ئۇنىڭ غوۋغاسى بىرمۇنچە،
سۆيۈك، مېھرىمۇ بار شۇنچە، مىكىر ـ ئىغۋاسى بىرمۇنچە .
قۇچاقلايدۇ جاپاسىدا، پىچاقلايدۇ «ۋاپا»سىدا،
ئېسىل بەرناسىغا يانداش رەزىل، لەقۋاسى بىرمۇنچە .
كېمەڭ چۆككەندە ھەمدەم يوق، كېسەل تەگكەندە مەلھەم يوق،
سۇغا زار چاغدا سەن، بابلايدىغان غەۋۋاسى بىرمۇنچە .
مۇھەببەت دەشتىدە يېگانە يۈرسەڭ، باقمىغاي دىلبەر،
كېيىك چاغلاپ سېنى ئوۋلايدىغان ئوقياسى بىرمۇنچە .
تۆرەلگەندىن «ياغاچ ئات»قا مىنىشنىڭ مەنزىلى بىردەم،
بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭنىڭ ئەگرىسى، تۈز ـ راسى بىرمۇنچە .
شۇڭا روھى مىجەزىڭنىڭ قارارى گاھ تەۋازۇدا[1]،
تۇرۇپ رايىش، تۇرۇپ تەرسا، يەنە سەپراسى بىرمۇنچە . . .
ئۆمۈر داستانلىرى پۈتكەي يارەنلەر ئارزۇ ـ ئارماندا،
ئوقۇپ كۆرسەڭ، ئۇنىڭ بەرھەق «ئىست، ئاپلا! . . .»سى بىرمۇنچە .

---

① تەۋازۇ —— كىچىك پېئىللىق، كەمتەرلىك .

# ئۇيغۇر قىزى

كۆر، ئەنە بىر قىزكى، چېھرى، مېھرى نۇر، ئاتەش ئۆزى،
زىلۋا بوي، سەرۋى بەدەن، چولپان كەبى پارلار كۆزى .
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك، كىرپىكى تال ـ تال يىپەك،
مەڭزى ئانار، لېۋى ياقۇت، خۇددى ئاي رۇخسار ـ يۈزى .
قاڭشىرى چىمداپ چىقارغاندەك گويا، چىشى سەدەپ،
ھەم ئۇزۇن، ھەم توم، قارا سۇمبۇل چېچىنىڭ ئەڭگىزى .
چامدىشى ئوخشار كېيىككە، كۈلكىسى بۇلبۇل مىسال،
شەرم ـ ھايالىق باقىشى، شۇنچە ئەدەپلىك گەپ ـ سۆزى .
سۆيگۈگە سادىق، ۋاپالىق، قەلبى ئاپئاپتەك تازا،
ئاچقۇزار خۇش ھىد چېچەكنى گۈل قولى، باسقان ئىزى .
ناخشا ئېيتسا، تاڭ ساباسى ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچەر،
چالسا دۇتار، شوخ ئۇسسۇلغا دەسسىگەي كۆك يۇلتۇزى .
كۆڭلىكى تورنىڭ قاناتى، دوپپىسى ـ رەڭدار چىمەن،
چىگكىنى ياغلىق دېمەڭ، ئېيپەت ـ نومۇسنىڭ ئەندىزى .
«پاھ، ئايالنى ئاي تۇغامدۇ؟ . . .» دەيدۇ كۆرگەنلەر ئۇنى،
جەننەتۇل ـ فىردەۋسمۇ يوق بۇ كەبى ئۇزنىڭ ئۈزى!
«سىرت سىياقى شۇنچە، ئەمما كۆڭلى قانداق؟» دەرسلەر،
ئۇ ـ ئەقىل، ئەخلاق، لاتاپەتتە جاھاننىڭ يالغۇزى!

**ئۈچ ـ تېشى ئوخشاش گۈزەلنىڭ تەرىپى بولدى زىكرى،**
**كىم دېسەڭ، ئۇ مەرد، غۇرۇرلۇق شەرق گۈلى — ئۇيغۇر قىزى!**

1984 ـ يىل مارت، خوتەن



# ئالسا ئىكەن پەرۋايىغا

نادان ئەردىم بىرىلگەندە كۆڭۈلنىڭ رايىغا، دوستلار،
نەزەر سالماي يۈگۈرگەندە ئۆمۈرنىڭ ۋايىغا، دوستلار.
ئۈدۈلنى پەرق ئېتىپ ماڭماي، چىغىرنى بويلىدىم بىر چاغ،
پىسەنت قىلماس ئىدىم دەۋەت ئېتىلسە سايىغا، دوستلار.
«ئۈچۈش» مەستانىسى بولدۇم، «قونۇش»نى قىلچە ئويلاشماي،
چۈشەندىم سەل كېيىن، پاتتىم نادانلىق لايىغا، دوستلار.
ھەقىقەت قامچىسى تەگدى، ئېگىپ باش ئاڭا بويسۇندۇم،
زامانىنىڭ ئۆتىنىسى ياندى ئۆزىنىڭ جايىغا، دوستلار.
ئەقىل ئاقساق ئىمىش ئەسلى، كېلەرمىش ۋاقتى ئۆتكەندە،
شۇ «ئاقساق»لىق يۈگۈرتۈپتۇ مېنى «ھاي - ھاي»غا، دوستلار.
كېچىكسەممۇ چۈشەندىم توغرا- سەھۋەننى، شۇڭا ئەمدى
قەدەم رۇسلاشتا تەلپۈندۇم يورۇق يول - غايىغا، دوستلار.
ئىشەن يۇرتۇم، ۋۇجۇدۇمدىن شۇ ئازغۇنلۇق دېغى يىتكەي،
تىكەرمەن گۈل گۈزەللىكتىن دىلىم سەھراسىغا، دوستلار.
ناماقۇللۇق پۇشايمانىم، ئىرادەمنى نەزم قىلدىم،
خۇشالمەن، ئەل بۇنى ئالسا نەزەر - پەرۋايىغا، دوستلار.

1987 - يىل ئاپرېل، خوتەن

# تاپمىدىم

شۇنچە يىل ئىچكەن ھاراقتىن پايدا ـ مەنپەئەت تاپمىدىم،
رومكا، شىشە ھەم قاۋاقتىن باشقا ئۆلپەت تاپمىدىم،
مەست ـ ئەلەسلىك ھوشۇمنى يۇتتى، يىتتى ھىممەت، تاپمىدىم،
ئوك چىغىم ئاز، ئۆز گىپىم يوق، يۇرتتا ئىززەت تاپمىدىم،
شۇ ھاراقتىن ئۆز جىنىمغا قانچە كۆلپەت تاپمىدىم؟

ئىككى پۇل تاپسام، يۈگۈردۇم مەن قاۋاقتا ھەر كۈنى،
«ئەسسالام» دەپ كەلدى مەستلەر ئىز تاۋاپقا ھەر كۈنى،
باش توخۇ چىللاقتا قايتتىم ئۆي ـ قوناقتا ھەر كۈنى،
ئەتىسى ئاچ_ تارتمىدى دىل ئاش ـ تاماقتا ھەر كۈنى،
گۆردىن ئاچقاندەك ئورۇقلاپمۇ، قانائەت تاپمىدىم .

«ئىچمىسەم زادى تۇرالمايمەن!» دىدىم، ئىچتىم ئۈنى،
«ھاي؟! . . .» دىسە، بولدى جاۋابىم: «مەي ـ ئەمەس ئادەم خۇنى،
تەۋرىمەيمىز بىر كىلو ئىچسەكمۇ بىز ئۇنداق سۇنى،
بىز تىخى ياش، ياش كۆڭۈل خالايدۇ ھەر دائىم شۇنى! . . .»
تاپقىنىم تەلۋە كۆرەڭلىك، باشقا ھالەت تاپمىدىم .

يۈز گىرام ئىچمەي تۇرۇپ شەيتان مىجەز نەسلىك بىلەن،
كوچىغا چىقتىم تىلىم كالۋالىشىپ تەسلىك بىلەن،

ئۇچرىسا قىزلار توسۇپ سەت سۆزلىدىم پەسلىك بىلەن،
بۇلغىنىپ ياتتىم قۇسۇق ئۆززە داۋام مەستلىك بىلەن،
گاھ چاپان، گاھ تەلپىكىم يىتتى، دارامەت تاپمىدىم .

بىر كۈنى سىم تۇۋرۈكى بىرلە ئېلىشتىم قانغىچە،
بىر كۈنى چاقتىم چىنە، چايدان، قازانۇ جامغىچە،
بىر كۈنى يىرتتىم دېرىزە پەردە، يوتقان، خام . . . غىچە،
بىر كۈنى تەپتىم ئۆيۈمنى قوشنىمىز بار تامغىچە . . .
ھەي بۇ مەستلىكنىڭ زورى، ئۆزگە دالالەت تاپمىدىم .

مەست چېغىمدا مەردلىكىم قوزغالسا خەجلەپ بارىنى،
ئۇن، ئوتۇن، پۇل — خەرج ـ خىراج قىسسا قىلالماي چارىنى،
قۇتقۇزۇش، قەرز ئېلىشماسدىن يېزىپ بەش پارىنى،
ئەكسىچە ئۇنتۇپ ئايال، پەرزەنتلىرىنى، ئىش ـ كارىنى،
«ئەسكى» دەپ ئالدىم ئاتاق، ئەلدە ئىناۋەت تاپمىدىم .

ئاخىر چىقتى بوران، موللاقىلدى ئۆيدە كىمە،
سۆز تەلەپ قىلدى[1] خوتۇن، ئېيتتى: «ئېغىز ئۆمەللىمە! . . .»
مەن دېسەم: «سەۋرى كېرەك، ئۆيىنى بۇزۇپ: ‹سۆز بەر› دېمە؟»
ئۇ دېدى: «ئوڭلانمىدىڭ، تاقەت دېگەن چەكلىك نېمە!»
نە ئامال، بولدۇم ساياق، جۈپتۇ ھارارەت تاپمىدىم .

چاچقا ئاق كىرگەن تۇرۇپ چەك قويمىغاچ ئىللەتكە مەن،
بولمىدىم داخىل تىرىقچە ئېتىبار، قىممەتكە مەن،
تۇرمىدىم تەييار خەلق ـ ئەل ئالدىدا خىزمەتكە مەن،
ئەمدى قانداق تىك قارايمەن يۇرتقا مەن، مىللەتكە مەن،
دەمدىمەن پۇشتۇمغا: «مەي تاپتىم، كامالەت تاپمىدىم ! . . .»

بولدى، بەس! ياندىم بۇ رايىمدىن، تاپاي ئەقلىمنى مەن،
باشقىدىن تىكلەي زامانغا ماس قىلىپ قەددىمنى مەن،
مەنۋى ئۇزلۇقتا زىننەتلەي ۋۇجۇد ـ قەلبىمنى مەن،
ھەم بىرەي دوستلارغا چىن دىلدىن قەسەم ـ ئەھدىمنى مەن:
بولمىغايمەن قايتا رەسۋا، مەستتە قىممەت تاپمىدىم !

مەندە بولسا مەن تۇزەتتىم، سەندە بولسا ئويلىغىن،
ئويلىساقلا پۇتمىگەي ئىش، توغرا يولنى بويلىغىن،
تاشلا بەتئەخلاقنى، دىلدا زەررىچە داغ قويمىغىن،
ھوش ـ ئەقلنى ساق تۇتۇپ شان ـ تۆھپە قۇچ، توي ئوينىغىن،
ئاڭلا، ئەخلاق ئەرگە زىننەت، باشقا زىننەت تاپمىدىم !

1990 ـ يىل فېۋرال، خوتەن

① ئەر ـ خوتۇن نىكاھتىن ئايرىلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش «سۆز تەلەپ قىلىش» دېيىلىدۇ .

## پۇل دېگەن نەرسە . . .

پۇل ئەجەب نەرسە، چاتاق، پۇل بولمىسا،
يوق مەئىشەت، نام ـ ئاتاق، پۇل بولمىسا،
كەڭ جاھانمۇ تار، دوزاخ، پۇل بولمىسا،
تۇتمىقىڭ تەس ئۆي ـ ئوتاق، پۇل بولمىسا،
كونا تاملىقتا قوناق[1]، پۇل بولمىسا .

بولسا پۇل، ھاجەتلىرىڭ مەقبۇل سېنىڭ،
بولسا پۇل، قالمايدۇ ئېگىنىڭ جۇل سېنىڭ ،
گۈل سېنىڭ، بۇلبۇل سېنىڭ، دۇلدۇل سېنىڭ،
بەزمە، مەشرەپ ـ توي سېنىڭ، مەرغۇل سېنىڭ،
يۈرگىنىڭ شۇ ئاچ قورساق، پۇل بولمىسا .

پۇل بىلەن كۆكلەيدۇ ئالەم سەبزە رەڭ،
پۇل بىلەن ئۇ مەيدە قاقسا، بۇ كۆرەڭ،
بولسا پۇل، بار «قارىي قۇرئان»دا سۇرەڭ،
كىمنى پۇل تۇرغۇزدى جىم، كۆر، شوخ، تېرەڭ،
كۆز چاپاق، چېھرىڭ ئاۋاق، پۇل بولمىسا .

«بولسا پۇل، جاڭگالدا شورپا» بەزىدە،
«پۇلغا رۇستەم قۇل» شۇ پۇلنىڭ قەرزىدە،
بەزىلەرنىڭ باغرى خۇن پۇل دەزىدە،
پۇل ساقايتقاي بولسا دەرھال نە زىدە،
كولىماي گۆر — تاقاق، پۇل بولمىسا . . .

«پۇل ـ پۇچەك — قەغەز» پەقەت رەڭدار نىمە،
«ئىت يېمەيدۇ بەرسە» شۇنداق خار نىمە،
ھەجمى ئالىقانچە، كۈچى داڭدار نىمە،
شۇڭا پۇل كىمدە، قىلۇر ھالدار نىمە،
ھەر قەدەمدە مىڭ توسۇق، پۇل بولمىسا .

كۆرگىنە، تالڭ سىڭغا پۇلسىز «نوم» قېنى[②]؟
بەردىمۇ «نوم»، قانچە قىلدى غوم، قېنى؟
نۇشىرۋانمۇ[③] بولسا يانچۇق توم، قېنى،
ۋارقىراپ باققانمۇ ئامغا بوم[④] قېنى؟
نەدە نەپ، ھەرقانچە باق، پۇل بولمىسا؟

پۇل نە كويغا سالمىدى نۇرغۇنلىنى،
ئەقلىدىن ئازدۇردىغۇ «تۇيغۇن»لىنى،
دەل شۇ پۇل «مىزان»غا ماس — ئۇيغۇنلىنى
قىلدى رەت، جىم قويمىدى «تۇرغۇن»لىنى،
بولدى يوللۇقلار مازاق، پۇل بولمىسا .

دوستنى دۈشمەن، يارنى يات ئەتتى شۇ پۇل،
بىرنى موھتاج، بىرنى شاد ئەتتى شۇ پۇل،
بىرنى قامچا، بىرنى ئات ئەتتى شۇ پۇل،
مۈشكۈلاتنى قاتمۇقات ئەتتى شۇ پۇل،
سۆيگۈگە يەتتى سىناق، پۇل بولمىسا.

پۇل تالاي پۇلپەزنى شۇك ئۇخلاتمىدى،
پۇل چۈشەپ كۈندۈزمۇ جۆيلۈپ ياتمىدى،
تاپتى پۇل، ئىنساپنى بىللە تاپمىدى،
بىرنى ئون قىلسام دېدى، قۇت ئاتمىدى[5]،
كەتتى پانىيدا ساياق، پۇل بولمىسا.

پۇل تۆپەيلى قان چېچىشتى نەچچىلەر،
پۇلنى دەپ جان بەردى كۆپ بايۋەچچىلەر،
ساتتى پۇل كۆزلەپ ئىمان بۇ بەچچىلەر،
«ئىست!» دېيىشتى موسىپىت ھېكمەتچىلەر:
«ھەي بۇ پۇل... ھېچكىم ئاڭا قۇل بولمىسا!

پۇل تېپىپ، پۇل تاپمىغانلا، ‹تۇف› ساڭا!
پۇل تېپىپ، پەر قاقمىغانلار، ‹تۇف› ساڭا!
پۇل يېقىپ، ئەل ياقمىغانلار، ‹تۇف› ساڭا!
پۇل بېقىپ، ئەل باقمىغانلار، ‹تۇف› ساڭا!
كۆرىمىز ئالەم ئۇزاق، پۇل بولمىسا...

پۇلنى تاپ، خەجلە كېرەمدەك كەڭرى سەن،
يول ياسا، مەكتەپ ياسا، تۈر يەڭنى سەن!
گەر تاسادىپ پۇل تۆگەپ، بىبەھرى سەن،
ئەل پاناھىغا ئالار، بىجەبرى سەن،
ئەستە تۇرسۇن بۇ ساۋاق، پۇل بولمىسا .

پۇلى بار ئۆكتەمنى گالدار ئاقلىغان،
پۇلى بار بەتنامنى ھەم بار ياقلىغان،
كىمكى پۇلدار مەيلىچە ئايناقلىغان،
بولما زىنھار پۇل بىلەن ئويناقلىغان،
تاپ كامال، چاچ خۇش پۇراق، پۇل بولمىسا!

پۇل مۇھىم، پۇلدىن مۇھىم دىل ئاقلىقى،
ئاقمىغاي پۇلنىڭ بىشەم، ھايتاقلىقى،
كىم دۇرۇس يولدا بىپىپتۇ پاكلىقى،
رىزقى پاكقا بار ئاۋام ئامراقلىقى،
ساتما ۋىجدان، سات قىياق، پۇل بولمىسا!

‹ئىشكنى ئاچماق› تىن غەرەز — ئالماشتۇرۇش،
(ئالغۇ ـ بەرگۈ) . . . سودىنى قاملاشتۇرۇش،
يول تېپىش ھەم پۇل تېپىشتا شاش تۇرۇش،
يۇرتنى دۇنيا ۋەزنىگە يانداشتۇرۇش،
ياندىشىش تەس، ھەممە ۋاق پۇل بولمىسا! . . .»

*   *

بىر ھېسابتا پۇل دېگەن شۇنداق نېمە،
ئەمما پۇلنى تەكتى ھەل قىلغۇچ دېمە،
كىم زېرەك، ئاقىل، شۇنىڭ پۇل، غەم يېمە،
قويغۇسى پۇلسىز سېنى تەرسىز تەمە،
تاپقۇسى كىم ئەقلى ساق، پۇل بولمىسا .

نائۈمىد قويماس ھالال قىلغان كىرىم،
يول راۋان بولسا، نېنىڭ قالماس يېرىم،
ئەتىنى كۆزلەپ بۈگۈن تىكتىڭ جىرىم،
پۇل ئاشۇ! كۆپ قالمىدى — قىلدىڭ كىرىم،
ئۆز كۈچۈڭدە ئىشكىنى قاق، پۇل بولمىسا .

گەپمۇ بار «پۇل تاپقۇچە يۈز تاپ» دېگەن،
«يۈز» دېمەك ـ ئابرۇي، ئىناۋەت، بىل، ئۆگەن،
نەپسى شەيتان تۆكمىسۇن يۈز، سال يۈگەن،
ھەق ـ ھالاللىق بىرلە توشسۇن زەر لېگەن،
باشقىنى قىل «ئۈچ تالاق!»، پۇل بولمىسا .

پۇل نىجىس، پۇل كىر — ھارام، ياق، پۇل — ئىمان،
پۇل مۇھەببەت، پۇل ئۇزۇق، ياق، پۇل سامان،
پۇل دېگەن غەم، پۇل تۇزاق، ياق، خانىمان . . .
قانچە قىلغىن پۇل نەزەردە بار ھامان،
«قاغىمۇ قىلمايدۇ ‹قاق . . .›، پۇل بولمىسا» .

بولسا يول داغداملىقى، ئادىل تۈزۈم،
تۇرسا قاشتاش ھەم گىلەم، مەشۇت، ئۈزۈم . . .
پۇل تېپىشچۇن يول تاپار، بۇ ھەق سۆزۈم،
راستىنى يازدىم ئىلچىلىك بولغاچ ئۆزۈم،
ئىشقا ئاشقاي بۇ بۇداق، پۇل بولمىسا .

*　　*

پۇل، قېنى ئېيتقىنچۇ، كار ـ بارلىق نېمە؟
شادلىقلىق قانداق، يەنە زارلىق نېمە؟
بىرلا گەپ قىل: بىزگە ئىزھارلىق نېمە؟
ھەمدىملىك، يارلىق ۋە ئىنكارلىق نېمە؟
تاپقۇلۇق، بىل، سەن سىياق پۇل بولمىسا !

1992 ـ يىل ئۆكتەبىر، خوتەن

---

① قوناق — قونالغۇ، ئۆتەڭ .
② «غەربكە ساياھەت» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا ئامتا بۇددانىڭ ئالتۇن جامغا نوم دەسـ-تۇرلىرىنى ئالماشتۇرغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .
③ ئېيتىلىشىچە، نۇشىرۋان شاھنىڭ قېشىغا سوۋغاتسىز كىرگەن ئام (پۇقرا) چىرايلىق كۆ-رۈنمەيدىكەنمىش .
④ ئام — پۇقرا
⑤ قۇت ئاتمىدى (قۇتاتمىدى) — ئەسلىي «بەخت يەتكۈزمىدى» مەنىسىدە بولۇپ، بۇ يەردە «ئەسقاتمىدى» مەنىسىدە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ .
⑥ ھايتاق — كەپسىز، باشباشتاق .

# تومتاق گەپ

گەپنى تومتاقلا قىلاي: بار بىر ئەيىب،
بىر ئەيىبكى، دىل يېرى كەتمەك لېيىپ،
كىم شۇ ھالغا چۈشتى، نەق روھەن مېيىپ،
بۇ مېيىپلىكتە ئەقىل دائىم زەئىپ،
يەتسە ئەقلىگگە زەئىپلىك، پۈت تېيىپ،
ئامىتىڭ قاچقاي، ياتارسەن باش قېيىپ،
مەيلى تاج كىي، بىھېساب كەتكىن بېيىپ،
بولما مەغرۇرلۇق مەيدە شىركەيىپ .

بىئەدەپلىك ئەيىبى نۇقسانىنىڭ بېشى،
ئۇ زالالەت، جەبرى ـ بوھرانىنىڭ بېشى،
مىنىدىمۇ ئۇ، پەستە ئىنسانىنىڭ بېشى،
بىل، ئەدەپتۇر بارچە ئىمكانىنىڭ بېشى،
ئادىمىيلىك ئىچرە «مىزان»نىڭ بېشى،
ئۇ ئۈمىد، ئۇ ئارزۇ ـ ئارمانىنىڭ بېشى،
مەيلى تاج كىي، بىھېساب كەتكىن بېيىپ،
بولما مەغرۇرلۇق مەيدە شىركەيىپ .

ئەلدىن ئۈستۈنلۈك تالاشتىڭ ـ پەسلىكىڭ،
بەلكى پەسلىكتىنمۇ بەك خار ـ خەسلىكىڭ،

ئەل ئۇلۇغ، يۈكسەك، بۇنى بىلمەسلىكلىك
كىبرى شەيتانلىق، يەنە ناكەسلىكلىك،
گەر پەقەت يىشلىمىسە بۇ «مەست»لىكلىك،
بىر تىيىن ملىك پۇر باھا «ئەتلەس»لىكلىك،
مەيلى تاج كىي، بىھېساب كەتكىن بىيىپ،
بولما مەغرۇرلۇق مەيدە شىركەيپ.

گەر ئىناق، ئەپ ئۆتمىسەڭ ئەل - يۇرت بىلەن،
يوق تويۇڭدا ئىيتقۇچى «ئايھاي يۆلەن»،
قوينى يۇرتنىڭ زەر بۆلەنچۈكمىش، بۆلەن[1]!
ئەل ھىمايەڭ، ئەل مۇرەببىڭ، تاغ، يۆلەن!
شۇ يۆلەنچۈككە قوپۇردۇڭمۇ گۈرەن،
ياخشىلىق يوق، قانچە قىل، قانچە تىلەن،
سەن شۇڭا تاج كىي ۋە يا كەتكىن بىيىپ،
بولما مەغرۇرلۇق مەيدە شىركەيپ.

يەتسە قۇربىڭ ئەيلە ھاجەتنى راۋا،
ئاچقا نان بەر، توڭلىغانغا ياپ جۇۋا،
«بەش قولۇڭ ياغلاشسا، قوشناڭغا سۇۋا!»
قىلمىسۇن زەردەڭ غېرىبنى بىناۋا،
كىمكى دائىم «يەل»دە بۇلغاپتۇ ھاۋا،
ۋاقتى - پەيت كەلگەندە دەردى بىداۋا،
سەن شۇڭا تاج كىي ۋە يا كەتكىن بىيىپ،
بولما مەغرۇرلۇق مەيدە شىركەيپ.

«مېۋە» كۆزلەپ شاخنى يىرما ھە دېسە،
مىنمىسۇن ئەقلىڭگە نەپسىي ۋەسۋەسە،
ئەيلىگىن رەت، ئىشتىھايىڭ «مەن!» دېسە،
تەنگە سىڭگەي ھەق - ھالاللاپ تەڭ يېسە[2]،

ھەققى ئامدىن قاچ، بۇنى كىم بىلمىسە،
كۈتمىسۇن ئەلدىن مېھىر، ياردىن بۇسە!
سەن شۇڭا تاج كىي ۋە يا كەتكىن بىيىپ،
بولما مەغرۇرلۇق مەيدە شىركەيپ .

يۈزگە يۇققان كىر سوپۇندالسا چىقار،
دىلغا يۇقسا كىر، سوپۇن قىلمايدۇ كار،
كۆڭلى ئۇزلۇق ھەممىدىن ئۇز نەۋباھار،
شۇ باھارىڭدىن چېچەك ئاچ، چاچ ئىپار،
گەر «چېچەك»كە قونسا مەينەت چاڭ ـ غۇبار،
مېۋىدىن مەھرۇم بېغىڭ، ملڭ قىل بىكار،
مەيلى تاج كىي، بىھېساب كەتكىن بىيىپ،
بولما مەغرۇرلۇق مەيدە شىركەيپ .

نەقلا گەپ، سەن ئۇشبۇ ئىشتىن بول ھېزى!
دىل يېرىڭنى لايلىتىشتىن بول ھېزى،
كىبرىنى دالۋايلىتىش[3] تىن بول ھېزى،
ئەلنى «داد، ۋاي ـ ۋاي! . . .» لىتىشتىن بول ھېزى،
ئالدىراپ شىلتىڭ ئېتىشتىن بول ھېزى،
قىممىتىڭ لايغا پېتىشتىن بول ھېزى،
مەيلى تاج كىي، بىھېساب كەتكىن بىيىپ،
بولما مەغرۇرلۇق مەيدە شىركەيپ .

ئەلمىساقتىن «ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق»،
ئۆتسە كەلگۈن پەسلى تارىممۇ قۇرۇق[4]،
يازدا رەڭدار، كۈزدە قانداق گۈلسۇرۇخ؟
توختىماي ھالۋازلىغانغا شاش تورۇق،
جىم بولۇر ئاغزىغا چۈشسە قاڭتۇرۇق،
شۇڭا دەيمەن، بول ھېزى، بوشراق زورۇق،

**مەيلى تاج كىي، بىھېساب كەتكىن بىيپ،**
**بولما مەغرۇرلۇق مەيدە شىركەيپ!**

1992 - يىل 22 - دېكابىر، خوتەن

---

① «ئەل قوينى ئالتۇن بۆشۈك» دېگەن خەلق ماقالى ئۆزلەشتۇرۇلدى .

② «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر» دېگەن خەلق ماقالى ئۆزلەشتۇرۇلدى .

③ دالۋايلىتىش — گىچاڭلىتىش، كۆز - كۆز قىلىش .

④ تارىم دەرياسىدا ئەتىياز، كۈز پەسلىدە سۇ بولمايدۇ .

# مىللىتىمگە بىر سۆز

ئۆزۈڭدىكى تالاي نۇقسان، ئىللەتنى
ئۆزگەرتكىنىڭ — ئۈستۈرگىنىڭ قىممەتنى.
ئەمما، يارەن، تېگىشىسەن «شۈكۈر»گە
ۋۇجۇدۇڭدا ئۇرغۇۋاتقان ھىممەتنى.
تىزىلىڭ يېغىر، كۆزۈڭ كۆكتە — تۆگىلۈكتە،
تىلىنىسەن كۈندە رىزقى - نېمەتنى.
ھايات بېغى قاغجىرايدۇ، موھتاجسەن،
يار قىلمساڭ ئىنتىلىشنى، مېھنەتنى.
ھەم غاجايدۇ ۋۇجۇدۇڭنى مىتە قۇرت،
«پوش» دېمىسەڭ پىتنە، ھەسەت، مىننەتنى.
بەخت قۇشى ئەگمەكتە بېشىڭدا،
تۇتقىنىڭ خوپ بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى.
«ئەجرى ئەزىم» — گۈللەت ئۆزۈڭ ئۆمۈرنى،
تاشلا ئەمدى ئىلتىجالىق «گۈللەت . . .» نى.
تەڭرىسىمۇ ساقىت قىلار نەزەردىن
يۆلىسىمۇ قوپمايدىغان مىللەتنى! . . .

1991 - يىل 1 - ماي، خوتەن

# ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم . . .

## 1

نەسەبتە كۈللى ئالەم ئىپتىراپلىق مىللىتىم باردۇر،
ئوغۇز پۈشتى ـ مەقامى كاتتىلىقتا زىنىنتىم باردۇر .
يۈسۈپ، مەھمۇد ① كىتابىغا يېزىلغان نى باھادىرلىق،
يەنە تاڭ قامۇسىدا قەيت ئەجىرلىك مېھنىتىم باردۇر .
يىپەك، قاشتاش، گىلەم، بۇغداي، بېدە، قەغەز . . . گە بىز ھەقدا،
(بۇنى جاڭ چيەن②مۇ تەستىقلايدۇ، تۆھپەم، قىممىتىم باردۇر!)
قەدىم تۆھپە يىراق ئۆتمۈشكە تالىق، ماختىناي قانداق،
قۇياشلىق تاڭدا يۈكسەلمەككە تاغدەك ھىممىتىم باردۇر .
مېنىڭ بۇ مىللىتىم شۇنداق «قېرى»، ياق، نەۋجىۋان مىللەت،
بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈن، ياق، ئەتىسىدە ئىم ـ نىيىتىم باردۇر .
مېنىڭ بۇ مىللىتىم «پەگا»غا چۈشكەن، «تۆر»گىمۇ چىققان،
بۇ ھەقتە سۆزلىسەم، شان ـ شەۋكىتىم، گاھ ئىللىتىم باردۇر .
ئۆزىنىڭ مىللىتىنى يەرگە ئۇرماس ھېچ كىشى زىنھار،
مېنىڭ بۇ «تىللىشىم»دا تەكتى ھۆرمەت، خىزمىتىم باردۇر!

## 2

بۇ مىللەت شەنىنى يايغان جاھانغا ئۆم ـ ئۇيۇشقاقلىق،
ھالا ئەمدى چېچىلدى قۇم كەبى تەستەك قويۇشماقلىق .
ھەسەتلىك گەپ، ھەسەتلىك دىل، ھەسەتلىك كۆز . . . شۇڭا دائىم

ئارام تاپمايدۇ «كولاش»تا، تېخى كولاپ تويۇشماقلىق.
خىيالدا ئىلىم ـ ئېرپان ئەمەس، جاڭجال، رىيا، پىتنە...
ئەدەپ ـ ئەخلاقنى يەم قىلدى قىزىل كۆزلۈك، ئۇرۇشقاقلىق.
كىچىكلەر چوڭغا بىهۆرمەت، ئەپۇنى خالىماس چوڭلار،
ئۇدۇم بوپقالدىغۇ چۈجە خورازدەك تەڭ تۇرۇشماقلىق.
كىشىنىڭ چىن ۋاپا ـ ئىخلاستىن ئارتۇق غەمخورى نەدە؟
بۇ مىللەت ئۇشبۇ غەمخورلۇق بىلەن سۆھبەت قۇرۇشماقلىق.
ئىلىم ـ پەن راك بىلەن ئەيدىزگە تاپتى -- تاپقۇسى مەلھەم،
بۇ مىللەت خەۋپى راك ياڭلىغ مىجەزنى تونۇشماقلىق.

3

بۇ مىللەتتە «ساقاللىق»لار نامازخانلىققا يۈزلەندى،
«ساقالسىز»لار لاغايلاشقا، مەمەدانلىققا يۈزلەندى.
ئويۇنپەزلەر سوقۇپ تاش بىرلە تاشنى كۆڭلىنى ئاچسا،
«كارا OK»، «تانسكەش»نىڭ ۋاقتى بىزمانلىق③قا يۈزلەندى.
جاھان نەدە، ئۆزى نەدە، بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز،
ئەجەب ئىش، پەيلى ـ خۇيدا بەخىرامانلىققا يۈزلەندى.
پاسون، مودا كىيىم، چاچ نۇسخىسى سۆھبەتتىكى ماۋزۇ،
ياسانماقنىڭ غېمى، ھالى پەرىشانلىققا يۈزلەندى.
«يېرى كەڭ، بايلىقى مول، خەلقى ئەمگەكچان» ئاتالغان يۇرت
ھۇرۇنلۇقتا كۈنى، ئىست، خەير ـ ئېهسانلىققا يۈزلەندى.
بۇ مىللەت ئىلمۇئېرپان، كەشىپ ـ ئىجادتا تۆھپىكار مىللەت،
نېمىشقا ئەمدى «ئەقلى كالتە ئىنسان»لىققا يۈزلەندى؟
بۇ مىللەتنىڭ غېمىدە تۇرسا دەۋران، يۈلسە ھەدەپ،
نېمىشقا يۆلگەنچە سالپۇ سەرسانلىققا يۈزلەندى؟

## 4

بۇ مىللەتنىڭ قېنىنى بۇزدى يۇرتۋازلىق، خوتۇنبازلىق،
ئاڭا ياندىشتى مەيخورلۇق، بۇ «باز»لىقلار قىلىپ ئازلىق.
«قەيەرلىككەن» بىلەن ئۆلچەپ «يامان»نى، «ياخشى»نى، توۋا،
ئىمانى، جاننى تىكتى جانانلار ئاتسا قاش نازلىق.
ئىچىپ مەي زوقلىنىپ، زورلاپ، ئەقلنى مەي بىلەن خورلاپ،
كۆزىنى مەستلىكى تورلاپ، قىلىشتى غەمزە ـ غەممازلىق.
بۇلارمۇ يەتمىگەندەك، كۆر، چىقاردى باشقىچە ئادەت،
گۇرۇھ ئايرىپ، جېدەل ئىزدەپ، گۇماندا يىتتى ھەمرازلىق.
ئۇ چىشلەپ، بۇ تېپىپ، ئۇ كوچىلاپ، بۇ چۇقچىلاپ. . . ھەيھات،
ئاداۋەت غۇم ـ مۇرامدا دىل يىرىنى ئەيلىدى سازلىق.
ئۆگەنمەك يوق، تىرىشماق يوق، ئىلىم تەھسىلگە قىلماس زوق،
يەنە بىرمۇنچە قېپقالدى ئىبىسل خۇي، خۇيدا رەڭۋازلىق.
ئارام تاپسا تالاشتۇردى، سوقۇشتۇردى خوراز، ئىتنى،
جاھاندا بارمۇ بىر مىللەت سۈپەتتە ئۇشبۇ ئەندازلىق؟

## 5

خىيالىم شۇ: مېنىڭ بۇ مىللىتىممۇ نۇر قۇچاقلارمۇ؟
نادانلىق ئىللىتىنى ئىلمۇئىرپاندا پىچاقلارمۇ؟
جاھان نۇر تېزلىكىدە، بەلكى نۇردىن تېز سەپەر ئەتمىش،
«قورساق»تىن نېرىغا ئۆتمەس نېچۇن گەپ — «ۋاچ ـ ۋاچاق»لارمۇ؟
رىقابەت، مەرىپەتنىڭ ئالمى بۇ — باشقىچە ئالەم،
ئېلېكترلەشتى بۇ كەمدە قازان، ھەتتا ئوچاقلارمۇ.
پەقەت بىزلا تېرىپ تەمەچ، پاسار ياقىساق تونۇر، مەشكە،
پېتىدىن چۈشمىسە، توۋا، قەدىم تاش يارغۇنچاقلارمۇ[4]؛
ھاراقتىن بىر تۇرۇشتا قانچىلىك ئىچمەكنى بەسلەشسەك،
دەرىغا! ئەقلۇ ئىدراكنى بۇ قاشاقلىق پاچاقلارمۇ؟

جاھان مىللەتلىرىنىڭ سەپ قاتارى بىزگىمۇ مەنسۇپ،
بۇ مەنسۇپلۇق «بىلىش»تە، بىز بىلەلمەس دۆت ـ قاپاقلارمۇ؟
ئۇنتۇما، مىللىتىم، ئاۋۇالقىسى پۇشتۇڭغا تەۋە شان،
سېنىڭ شانىڭ نىمە، سۇنغان ساپال، دات ئوق، رۇچاقلارمۇ[5]؟

6

مۇسەنىپ، بول ئۈمىدۋار، مىللىتىڭ ئىقبالدا ياشنايدۇ،
تېپىپ بىرلىك كۈچىدىن كۈچ، قەدەمنى پۇختا تاشلايدۇ.
ئۇنى ئويغاتتى ئىسلاھات تېڭى، غاپىللىقى يىتكەي،
ئەمەس ئۇنچە ئۇزاق توي مەزگىلى، مەشرەپمۇ باشلايدۇ.
ئۈمىدلەن مىللىتىڭنىڭ ئەتىسىدىن، سۆيگۈسىدىن ھەم،
شېرىن پەرھاتىنى، لەيلىسى مەجنۇننى باغاشلايدۇ!
ئەمەس ھېچقانچە «ئىللەت»نىڭ كۈچى قىممەتنى بىلگەنگە،
(شۇ ئىللەت تاغىنى قىممەتنى بىلگەنلەر تاراشلايدۇ.)
ئەقىل ـ ئىدراكنى قاشتاقلىق تۇتالماس ئىلكىدە ھازىر،
دەۋر تۇرغاچقا پاكلاپ روھنى، غاپىللىق ياۋاشلايدۇ.
كېرەم، دىلبەرگە باق، مىللەتنى كۆر، روھلان ئۆزۈڭنى تۈز،
ئىشەنمەسلەر ئۆزىگە «قىل»نى پىل دەپ غەم ھاپاشلايدۇ.
جاھانتكە ئەجەب جىق سۆزلىدىڭ روزى، يەنە سۆزلە،
دېگىن: ئۆزىنى بىلىشتە مىللىتىم گۈللەيدۇ، ياشنايدۇ!

1993 ـ يىل 8 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

① قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىملىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ («قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇئەللىپى)، مەھمۇد كاشغەرىي («تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② جاڭ چيەن — غەربىي دىيارغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن سەيياھ.
③ بىزمانلىق — كەچقۇرۇن.
④ يارغۇنچاق — جەنۇپ يېزىلىرىدا ھېلىھەم ئىشلىتىلىۋاتقان قول بىلەن چۆرۈلىدىغان تۈگمەن.
⑤ رۇچاق — قەدىمكى جەڭ قورالى ئوقيانىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

# ئەللىك ياشقا توشقان كۈنۈمدە

(سورۇندا ئوقۇلغان نەزمە)

جامائەت قوللىدى ئەللىك يېشىمنى،
كۆتۈردى زېمىندىن كۆككە بېشىمنى.
دەممۇدەم ئۆتكۈزدى ئەنجۈمەن ـ مەشرەپ،
شۇنىڭغا مىڭ كۆزدە تۆكتۈم يېشىمنى.
بىلەتتىم، دىلدىمۇ دوستلىرىم كۆپكەن،
چۈشەندىم «خىزىر»دەك قەلەمدىشىمنى.
خەلق مېنى يار بىلگەچ بېشىم ئاسماندا،
ياق! مەڭگۈ «پۈت يەردە» دەي كەچمىشىمنى:
بىر ئۆمۈر شېئىر يازدىم (مۇقامى ھەرخىل)،
كۈلدۈرۈپ، يىغلىتىپ، ئاھ، دىلكىشىمنى.
ئەقلىنى كېيىن تاپتىم، ئۆتكىنى كەتتى،
ۋىجدانىم كەچۈرمەس نۇرغۇن ئىشىمنى.
ئەللىك ياش ـ ئەرلىك ياش، چاچلىرىمدا ئاق،
تۈگەتتىم ئەللىك ياز، ئەللىك قىشىمنى.
ھېلىھەم ئاززۇ كۆپ — قىلغايمەن خىزمەت
ئەل ـ يۇرتقا، يوقاتماي ئەقىل ـ ھوشۇمنى.

1993 ـ يىل 20 ـ نويابىر

## قانۇنىيەت

( بىلىق پىشۇرۇۋېتىپ ئويلىغانلىرىم )

بېلىق رايى ئېقىمغا قارشى ئۈزمەككەن،
بېلىقچى رايى «ئۈزگەنلەر»نى سۈزمەككەن .
بىرى ئىستەيدىكەن ئۆز ئەركىگە كەڭلىك،
بىرىنىڭ «كەڭ»نى «تار» قىلماق ئويى بەككەن!
جاھان «كەڭ ـ تارلىقى» ھېچكىمنى جىم قىلماس،
مۇراد «كەڭ ـ تار»نى ئۆز رايىچە تۈزمەككەن .
دەرىخا! پىشتى قوغۇن ئاجرىغاي بەرگىدىن،
بۇ شۇنداق دەۋرى ئالەم — ئەينى كۈزلەككەن .

1993 ـ يىل 2 ـ دېكابىر

## مىللەتلەر باراۋەر، قانۇن مۇقەددەس

نادانلار ئاۋارە بولۇپ بىكارغا،
مىللەتنى ئايرىيدۇ «ئېگىز، پاكار»غا .
ئاغزىنى ئۇششۇتەر كۆڭۈلنى ئېگىپ،
ئوخشىتىپ ئۇنى «بەگ»، بۇنى «چاكار»غا .
ئاپتونوم قانۇنى مۇقەددەس قانۇن،
بۇ قانۇن ئۇندەيدۇ مۇنداق جاكارغا:
مىللەتلەر باراۋەر شەرق ئېلىدە،
ئورتاق ئۇ شان ـ زەپەر، نومۇسقا ـ ئارغا .
ھۆرمەتتە چوڭ، كىچىك ئەمەس ھېچقايسى،
ئۆزگىچە پىتنىلەر كەلمەيدۇ كارغا .
ھىدايەت، ھىمايەت، ئىنايەتتە تەڭ،
قانۇن چىقارمايدۇ بۇنى بىكارغا! . . .
كۆڭۈلنى ئېگىشلەر، دىلنى چىگىشلەر،
دوستلارنى يىغلىتار ياقار مەككارغا .
بىز دەيمىز مىللەتتە «ئاكا ـ ئۇكا» يوق،
(كاززاپلار چىقىرار بۇنى ئىنكارغا . )
ئۇندەيدۇ دەۋرىمىز بارچىنى بۇ دەم
ئورتاق ـ تەڭ گۈللىنىپ روناق تاپارغا .
مىللەتنىڭ گۈللىنىپ، ياشناش دەۋرى بۇ،
مەيدان كەڭ، مەنزىل ئۇز ياخشى تۇلپارغا .
ئاپتونوم رايونى بىلسەڭ جىك قانۇن،

ئېلىمىز تۈزمىگەن ئۇنى بىكارغا .
ئەتلىنىپ، نەپلىنىپ قانۇن كۈچىدىن،
ئۆت، دوستلار، سەپەردە ئالدىن قاتارغا .
قوغدايدۇ، قوللايدۇ قانۇن قورالى،
قۇرۇق گەپ يارىماس ئەسلا بازارغا .
نادانلىق چۈمبىلى ئارتمىغان مىللەت
يەتكۈسى گۈزەل تاڭ ۋەسلى — باھارغا .

* *

نادانلار ئاۋارە بولۇپ بىكارغا،
مىللەتنى ئايرىيدۇ «ئىگىز ـ پاكار»غا .
بىز دەيمىز مىللەتتە «ئاكا ـ ئۇكا» يوق،
قانۇن چىقارمايدۇ بۇنى ئىنكارغا!

1994 ـ يىل ئىيۇن، خوتەن

# نورۇزنامە

بۈگۈن نورۇز، بۈگۈن ئۈيغۇرچە چاغاندۇر،
بۈگۈن نورۇز– باھار ھەر ياندا جەۋلاندۇر،
بۈگۈن نورۇز شىپاسى جانغا دەرماندۇر،
چېچەك ـ چوكان پۈتاق ـ شاخلاردا سەيلاندۇر،
بۇ نورۇز– يىل بېشى، قىش ئەمدى سەرساندۇر .

بۇ نورۇزنىڭ يېشىلدىن ئۈستىۋاشى بار،
سابانىڭ باشقىچە ئىللىق باغاشى بار،
ئۆچەكتىن چىقتى قۇش جۈپ ـ جۈپ، ئاداشى بار،
باراڭ ـ بوستاندا تەك[1] شاد ـ كۆزدە ياشى[2] بار،
ئېرىقتا ئاققىنى ئەگىز ئەمەس، كۆر، ئابى ھايىۋاندۇر[3] .

تەبىئەت جابدۇنۇپ رەڭ تۈزدى نورۇزدا،
چىمەن بۇلبۇلغا ساھىبخان شۇ گۈلدۇزدا[4]،
باھار زوقى، قاراڭ، ياپۇزدا، قوڭغۇزدا . . .
(ئەمەس ھېچ نەرسە جىمجىت ئۈيقۇ– تومۇزدا .)
بۇ دەم كۈللى جاھان ھەرىكەتتە كارۋاندۇر .

زېمىن، تاغ، سۇ . . . ئۆزىگە خاس «پىچىر» قىلغاي،
قىياق ـ چىملاردىمۇ سەزگۈ — «غىچىر» قىلغاي،
قاناتلىقلارمۇ كۈيلەشتە [5]، «ۋىچىر» قىلغاي،
هايات شۇنداق تىنمىسىز بىر ئۇچۇر قىلغاي،
ئۇچۇركى، يىل بېشى هەر ئىشقا ئىمكاندۇر!

ئۇ هېيت، بۇ هېيت . . . جاهاندا ئۇشبۇ ئاتلىق جىق،
بىراق، نورۇز ئەجەب هېيت! ئەلگە شادلىق جىق،
مۇهەببەتلىك لېۋى، باغرىدا تاتلىق جىق،
كى تاتلىق ئىلكىدە قۇت جىق، ئازادلىق جىق،
پەسلىنىڭ قايسىسىدا نورۇزچە ئېھساندۇر؟

بوۋاقلار پاختىلىق ئىشتانىدىن ئازاد،
بوۋايلار مەش، ئوچاقلىق خانىدىن ئازاد،
كېلىنلەر ئوت يېقىش ئالۋانىدىن ئازاد،
تاغار، كەتمەن، ساپان «زىندان»دىن ئازاد،
بېسقماس ئەمدى «هۆش ـ تاپ!»، تاغلا خاماندۇر .

هېلىتىن نەۋرىلەر ئوغلاقچىلاپ تاقلاپ،
تېرىپ كۆك، «يېگىلىق»نى بۆكىدە ساقلاپ،
«سۆيۈنچەگنى چىقار!» دەپ چوگلىنى يوقلاپ،
يېشىللىق تەبىرى، زوقىدا دىل توقلاپ،
قۇچاقتا ئەركىلەپ هەر ئۆيدە مېھماندۇر [6] .

يەنە بار: شوخ، زېرەكلەر بەكنى[7] چاقلاپ،
چۆنق ـ تالنى كېسىپ سىرت پوستنى ئاقلاپ،
جېنى پاتماس ئىچىگە كۇلسە قاقاقلاپ،
ياساپ نەي، پۈۋلىشىپ خۇشلۇقتا ئويناقلاپ،
بۇ نورۇز شوخلۇقى — شاد غەلۋە، غەلياندۇر.

كىچىك قىزلار قىلىپ چاچ قىرىق ئۆرۈم تالنى،
سىقىپ ئوسما، قارايتىپ قاش، چېكىپ خالنى،
قۇلاقىغا قىسىپ غۇنچە — قىزىل، ھالنى،
باھاردىن رەڭ تۈزەپ دورايدۇ «ناز ـ ھال»نى،
بۇ دوراش بەك ئۇماق، چوڭلارمۇ ھەيراندۇر.

يىگىت، قىزلارمۇ راسلاپ كەڭ ـ كۇشاد سەينا،
يېشىل مەۋسۇمغا خاس مەشرەپ تۈزەر ئەينا،
قۇچار كۆكنى بۇ سۆز: بوش كەلمىگىن، ئوينا،
ھېرىش مەردلەرگە يات، سازىڭنى چال، قاينا...
بۇ نورۇزلۇق مۇھەببەت، سۆيگۈ، ئارماندۇر!

جاھانغا ئۇيقۇ تەرك، بۇ كەچ پىراق ھەمراھ،
غەلەت ئېيتتىم پىراق دەپ، ئىشتىياق ھەمراھ،
قولۇڭدا يىڭنە، مەشۇت يىپ، چىراغ ھەمراھ،
تىكەر بۆك يارغا نورۇزلۇق — سىناق ھەمراھ،
كىيىپ يار بۆكنى يەڭگەي، ئەتە چەۋگاندۇر[8].

قىزىيدۇ ئەتە نورۇزدا چەۋەندازلىق،
چېلىش، دارۋازچىلىق ھەم سېھىر، جانبازلىق[9]،
بۇقا، قوچقار، خوراز، ئىت . . . ئىچرە جەڭۋازلىق،
ساما، مەشرەپ ـ ئۇسسۇل، دىللاردا ھەمرازلىق،
بۇ نورۇزغا تەئەللۇق كۈلكە ـ خەنداندۇر .

قىلۇر جەم خەتمە نورۇز[10] مىڭلىغان باشنى،
بىرى داڭقان قازان، بىرى ئاسار داشنى[11]،
گاداي، شاھ — بارچە تەڭ ئىچكەي تاماق — ئاشنى،
تىلەر قۇت، يۇرتقا بەرىكەت، بىللە يايراشنى،
قەدىمدىن ئۇشبۇ ئادەت بىزگە قالغاندۇر .

شۇ چاغ كۆك يايلىلىق بۆرە[12] كېلىپ ھۇۋلاپ،
يارەنلەرگە ئاسايىشلىق تىلەپ توۋلاپ،
چىمەن كۆزلەپ، دىۋاندىن تەشمە - يول كولاپ،
خىرىسلىق بەتنىيەتلەر قۇترىسا ئوۋلاپ،
ياسارمىش تەكتى نورۇز، (بەلكى ئەپساندۇر؟) . . .

*　　　*

بۈگۈن يۇرتۇمدا نورۇز — باشقىچە ئۇز كۈن،
ئېتىز باغرى يېشىللىق، باغلىرى گۈلگۈن،
ئۇنىڭ شەنىگە لايىق قاتمىسام بىر ئۈن،
مېنى شائىر ئوغۇل دەپ يادلىماس ئەلكۈن،
خەلق ئۆز ئوغلى بىلمەس كىمنى — سەنساندۇر .

مىنىڭ نورۇزغا سوۋغام شۇنچىلىك، ئەي يار،
قىنى، سەنمۇ يىشىلدىن ئۇستىۋاش كەي، يار،
ئىچەيلى خەتمە نورۇز جامدا مەي، يار،
مۇقام ئېيت، مەنمۇ جور بولغۇم — نەزىم تەييار،
بۈگۈن نورۇز، بۈگۈن ئۇيغۇرچە چاغاندۇر.

1994 ـ يىل 21 ـ مارت، خوتەن



① تەك — ئۆزلۈم تېلى.
② ئۆزلۈم شۇڭلىرى بىخ يېرىش ئالدىدا «يىغلايدۇ».
③ ئابى هايۋان — هاياتلىق سۈيى.
④ گۈلدۈز — گۈل ئېچىلغان پەيت.
⑤ كۈيلەش — كۆپىيىش، جۈپلىشىش مەزگىلى.
⑥ نورۇزدا يېڭى ياشارغان بىدە، چىم ـ قىيالاقلارنى تېرىپ چوڭلارغا «يېڭىلىق» تۇتىدىغان، چوڭلار بالىلارغا سوۋغات تەقدىم قىلىدىغان ئادەت بار.
⑦ بەكە — قەلەمتىراچ.
⑧ چەۋگان — ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوينىلىدىغان كالتەك توپ.
⑨ جانبازلىق — كۆچتۈگۈرلۈك سېھىر ئويۇنى.
(10) خەتمە نورۇز — سەھرايى خەتمە دەپمۇ ئېيتىلىدۇ، بۇ كۈندە پۈتۈن يۇرت ئەهلى تۈزلەڭگە ئايرىم ـ ئايرىم قازان ئېسىپ، تاپقاننى تەڭ يەپ، ئۆزئارا مېهىر ـ شەپقىتىنى ئىپادىلىشىدۇ.
(11) داش — چوڭ قازان.
(12) كۆك يايلىلىق بۆرە — ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە توتېم ھېسابلىنىدۇ.

## ھايات كىتابى

ئالەمدىكى مەۋجۇدات تۈرتۈمەرمەس شاش پېتى،
پەقەت ئىككى نەرسىلا قالار مەڭگۈ ياش پېتى.

بىرى ئىلىم ھېكمىتى، بىرى تۆھپە مېھنىتى،
شۇنىڭ بىلەن ئاشامدۇ ئادىمىيلىك قىممىتى.

ئىلىم ـ ھېكمەت، تۆھپىدۇر ھاياتلىقنىڭ باش بېتى،
زىننەت بېرەر ئۆمۈرگە ئۈز يېزىلسا ھەر خېتى.

كۆڭۈل قويۇپ ياز ئۇنى، ئىپار چاچسۇن قات ـ قېتى،
پۈچۈلمىسۇن ئىللەتتە بۇ «كىتاب»نىڭ چەت ـ چېتى.

قېنى، روزى، ۋاراقلاپ كۆرگىنە شۇ كىتابنى،
تاراقلاپتۇ نەگىچە ھاياتىڭنىڭ شاش ئېتى؟

1994 ـ يىل ماي، خوتەن

# ھەيرانمەن

پاختەك بىچارە يىتتىغۇ ئۆيىسىز — ماكانسىز، ئاچ قېلىپ،
تۇرۇلغىلارمۇ كەتتىغۇ قوغلاپ يۇرۇپ «قاچ ـ قاچ» قىلىپ .
دۇمباقچى قۇشنىڭ نەسلى يوق، «توك ـ توك»لىمايدۇ تۇمشۇقى،
كەسكەچكە بىز كادالڭ تىرەك، ئۇجمە، ياڭاقنى «گاچ» قىلىپ .
چاشقاننى باقسا دورىدا، سەكراتتا چۇشمەمدۇ مۇشۇك؟
يۇزلەپ مۇشۇك بولدى شىھىت چاشقاننى چايناپ «ماچ» قىلىپ .
خوشلاشتى ئالەمدىن پاقا، پاشا، چىۋىن . . . لەر شادىمان،
بىر تالنى «ھاپ» ئەتسە، شۇئان قويدى يىلىن يانپاچ قىلىپ .
تۇتقاچ پەلەكنى گاز بۇ دەم، بەك قىسقا پەسلى ياز بۇ دەم،
سايرامچى قۇشلار ئاز بۇ دەم (ئېيتمايدۇ خور «ۋاچ ـ ۋاچ» قىلىپ .)
ئۆسمەيدۇ بوي — پەتەك تولا، ئۇنمەيدۇ، تاك، چاچلار ئالا،
كىم دەر ئۇنى ياپياش بالا، قويسا مۇھت ئاق چاچ قىلىپ؟
قىزلاردا ئايدەك رەڭگىروي، ئەپسۇس سىمىزلىك دەردى ھوي!
يىتكەچكە زىلۋا بەستى ـ بوي، غەمنى يۇرەر ھاپاچ قىلىپ . . .
يىتكەن، يوقالغان، كەتكىنى نىم بوپتۇ، ئويلايلى قېنى،
ئۆز پەيلىمىز «رۇس» نەرسنى جىم قويمىغان، قىيپاش قىلىپ .
بىر تاللا بۇ يەر شارىمىز، بولمايدىكەن گەر كارىمىز،
يەر شارىنىڭمۇ كارى يوق، بەرگەي جازا يالىڭاچ قىلىپ!

1995 ـ يىل ئىيۇل، خوتەن

## يەنە كەلمەيمز ئالەمگە

قاراپ باقسام ئۇ ئالەمگە، بۇ شاد، بۇ مۇپتىلا غەمگە،
بىرى ئالىم، بىرى كالۋا، بىرى ئوخشايدۇ ھاتەمگە .
ئۇنىڭ ئەجرىدە چۆل بوستان، بۇنىڭ كەشپىدە مىڭ داستان،
بىرى يۈرگەي مۇرادىنى چىتىپ پالچى بىلەن رەمگە .
بىرى پۇلغا ھېرىس ـ ھەيران، بىرى ئىشرەت بىلەن ۋەيران،
بىرى ئۇسسۇز، بىرى ھەتتا بىھاجەت ئابىزەمزەمگە .
بىرىنىڭ مەرىپەت يارى، ئىلىم ـ پەن دوستۇ دىلدارى،
لاغاي بىرى يۈرەر بۇلغاپ چىرايلىق يولنى بەلغەمگە .
بىرىنىڭ كىبىرىدىن تاجى، بىرى دەر: كىبىرىدىن داجى!
بىرىنىڭ بىھېساب خەجى، بىرى زار ئۇستۋاش، كەمگە .
ئەمەل ـ مەنسەپتە مەست بىرى، يېتىم، تۇل ـ خارۇ خەس بىرى،
ئاۋامغا ھەمنەپەس بىرى — ھامان تەييار شىپا — ئەمگە .
بىرى دوستنى تالاشتۇرغاي، بىرى خالىس ياراشتۇرغاي،
ئۇ بەتبۇي پۈۋلىگەي، ماۋۇ ئىپار ھىد چاچسا خانەمگە .
بىرى ئىنساپ ـ دىيانەتتە، بىرى شەيتان خىيانەتتە،
بىرى مەكروھ ـ جىنايەتتە جۇدۇن پۈركۈيدۇ لالەمگە .
بىرىدە شۇنچە قابىللىق، بىرىدە روھىي غاپىللىق . . .
بۇلارنىڭ قايسىسى پاتسۇن، يارەنلەر، بۇ رىسالەمگە .
بۇ ئالەم پانىيدۇر بىزگە، زامان غەمخانىدۇر بىزگە،

ياشايلى زاتى ئىنساندەك، ئامانەت جان بۇ ئادەمگە .
غۇبار، ئىللەتنى تاشلايلى، ھۇزۇردا جاننى ياشلايلى،
بەخت - يارنى باغاشلايلى، يەنە كەلمەيمىز ئالەمگە!

1995 - يىل دېكابىر، خوتەن

# ئۆزۈمگە نەسىھەت

بىشىڭدا يوق يا ئەمەلنىڭ تاجى،
ياكى ئەمەسسەن ھۆرمەتتە «ھاجى» .
ئىلكىڭدە بارى — پۇقرالىق كارى،
ئەمما ئەجەب ئۇز ئۆمرۈڭ راۋاجى .
ئەللىك تۆت ياشىڭ، ئەل — يۇرت قاياشىڭ،
نامىڭ «قوشاقچى مەنسۇر ھەللاجى» .
بەختىڭ نەزمىدە، يۇرمەر بەزمىدە،
پۇرسەتنى ئەتمە ئىسراپ خىراجى[1] .
يالغاننى يازما، چوڭ يولدىن ئازما،
ئالدىڭدا ئۆتكەل — كۆۋرۈك سىراجى[2] .
بال تۆك تىلىڭدىن، نۇر چاچ دىلىڭدىن،
راستگۇيغا ئامراق دەۋران مىراجى[3] .
«ئۇ، بۇ»غا باقما — «قاينام»دا ئاقما،
«خاس»لىقتا، بىلسەڭ، بۇنىڭ ئىلاجى .
ئەل - يۇرت نىجاتىڭ، ئەلچىن ئىجادىڭ،
غەيرىي مۇقامدىن كەينىڭگە داجى!
ئۆز يار يۆلەكتۇر، ئەغيار بۆلەكتۇر،
ئۆز ئىگىن[4] دىگەن نەق ئۇز دەۋۋاجى[5]!
سۆيسە ئاۋام، بەس، شادلىقتا بول مەست،
ئەلنىڭ نەپرىتى — قىسمىتىڭ كاجى .

**يۈزلەن دېھقانغا — ئەجرى يوغانغا،**
**ئاڭا تۆلەنسۇن ھاياتنىڭ باجى . . .**

1995 ـ يىل ئاۋغۇست، خوتەن

① خىراجى -- خىراج (خەج ـ خىراج) خەجلىمەك .
② كۆۋرۈك سىراجى — سىراج كۆۋرۈك، سىناق، ئىمتىھان مەنىسىدە ئېلىندى .
③ مىراج — مىراج تەختى . ئاللانىڭ دەرگاھى .
④ ئېگىن — كىيىم، ئۈستۋاش .
⑤ دەۋۋاج (تاج ـ دەۋۋاج) — شاھانە سەرپاي .

# پاھ، دېھقاننىڭ ھەيكىلى

قاراقۇرۇم — تۆھپىكار ئانا، ئۇ پۈتمەس - تۈگىمەس ئوغۇزى بىلەن تەكلىماكان باغرىدىكى چۆل - جەزىرىلەرنى بوستانلىققا ئايلاندۇرغان . دېھقان – ئاددىي، ئەمما ئۇلۇغ ئىنسان، ئۇ مىننەتسىز، ھالال تەر - ئەجرى بىلەن ھاياتلىقنىڭ ئېھتىياجىغا تالىق نازۇ نېمەتلەرنى ياراتقان. دېھقان توغراقتەك چىدامىلىق، يۇلغۇندەك مەزمۇت، قاشتېشىدەك سۈزۈك ۋە بىغۇبار! . . .

داڭلىق رەسسام، ھەيكەلتىراش غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ لايىھىلىشى بىلەن «يىپەك يولى»دىكى قەدىمىي شەھەر ئىلچىدە كاتتا بىر ھەيكەل - ئاشۇ سۆيۈملۈك دېھقاننىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلدى! . . .

**پۈتتى بىر ھەيكەل خوتەن گۈلزارىدا،**
**ئىلچى① شەھىرىنىڭ يېڭىبازارىدا②،**
**ئۇ تۇرار مەزمۇت بېتون دىۋاردا،**
**بىر ئاجايىپ سۇر ئايان دىدارىدا،**
**ئۇشبۇ دەم ئۇ بارچىنىڭ ئەنزارىدا .**

**بىر دېھقاننىڭ ھەيكىلى ئۇ باشقىچە،**
**ئەسلىي ئوبرازى كۆزىدىن قاشقىچە،**
**ئۇستىۋاشتىن ياكى ئوي ئويلاشقىچە،**
**چانمىغان سىيماسى ئىچتىن تاشقىچە،**
**نەق ئۆزى چىققان سۈپەت ئىزھارىدا .**

قەددى تىك، كەتمەننى سالغان دولىغا،
بەلدە پوتا، پۇتى مېھنەت يولىغا،
جۇۋىسىنى ئارتىۋالغان قولىغا،
مۇرىسى قىيپاشقىنا سەل سولىغا،
روھىي جۇشقۇنلۇق ئۇنىڭ بىدارىدا .

باشقا كىيگەن تەلپىكى بەك ساددا، ئۇز،
(يازدا تەلپەك كىيسە، كۆيدۈرمەس تومۇز) .
تون ياقا كۆڭلەك، ئۆتۈك پۇتىدا ھۆنۈز[3]،
ئۇ شۇ تاپ تۆكمەكتە تەر ئىش ـ كارىدا .

ئېھتىمال ئۇ ماڭدى بوز يەر ئاچقىلى،
ياكى ئۆستەڭ قازغىلى -- تەر چاچقىلى،
(ئۆيگە قايتمايدۇ بۇ ئەلپازدا ھېلى،
جابدۇنۇپتۇ -- قونغۇدەك سىرتتا خېلى)،
بار چوقۇم نەپ كۆزلىگەن شىكارىدا .

ئېھتىمال ئاچقان بىنەمگە ئاش تېرىپ،
يا قويۇپ ئورمان كۆچەت قۇمنى يېرىپ،
يانغىنى ھاردۇق يېتىپ ئەمدى، ھېرىپ؟ . . .
ياق! قاراڭ، تۇرمامدۇ ئۇ كۆكرەك كېرىپ ،
جەڭدە شان قۇچقان يىگىت سىڭارىدا[4] .

ماڭدىمۇ يا سايغا قۇم تاسقاشقا ئۇ؟
ماڭدىمۇ ياكى شېغىلغا، تاشقا ئۇ؟
(يول ياساشقا -- بىجاپا قاتناشقا ئۇ؟)

بولمسا ئوخشامتى بەردەم ياشقا ئۇ؟
نەقلا تۇرمامدۇ بۇ دىل ئەسرارىدا! . . .

بىلدۇرۇپ مەن بۇ سىيماغا ئېھتىرام،
سىنچىلاپ باقسام، شۇ تاپ ئۇ ئويغا رام،
ئىشلىگەچ قىش ـ ياز دىمەي، ئالماي ئارام،
ماڭلىيدىن يول — سىزىق ئاچقان تارام،
بىر قەۋەت چاڭ سۇرمىسى بار خارىدا[5] .

ھەر سىزىق — قۇرۇق ئۇنىڭ بىر كەچمىشى،
ئوي ـ خىيالدا خۇشاللىق، تەشۋىشى . . .
بىر تەرەپتە چۈش كەبى ئۆمرى ـ قىشى،
ئالدىدا ئىقبالى، دىلدار مەھۋىشى،
جەملەنگەن بۇ ۋۇجۇد مىمارىدا[6] .

راست، ئۇ بىر چاغ تارتتى بىچاغ[7] ئەرزىيەت،
كۆرمىدى ئۆمرى تىرىقچە تەزيىەت،
يەپ پاخال ـ مەدەكنى، بولدى قەۋزىيەت،
بار مۇشەققەت، يوق ھالاۋەت، تەربىيەت،
يازدا ساي، قىش ياتتى سىرتىنىڭ قارىدا .

ئۇ ياساپ باغ، ئۇ يىمىش يەپ باقمىدى،
تاغ ياساپ چەشتە، ئۆزى ئېپباقمىدى،
«چارۋا باقتىم، گۆشى قېنى؟ . . . » دەپ باقمىدى،
تەلپىي كاج شۇڭگازە، نەپ باقمىدى،
بولدى «ئىشلە!» ئاڭلىشى ھەر بارىدا[8] .

ئىشلىدى، يوق خوۋلۇقى ئىشلەپ تۇرۇپ،
چىدىدى نى دەردكە لەۋ چىشلەپ تۇرۇپ،
رايى ھەربكەت يىلدا «كىش ـ كىش!»لەپ تۇرۇپ،
بەزى ماژغۇپ، بەزى «پەرۋىش»لەپ تۇرۇپ،
ماڭغۇزۇپ ھارغۇزدى «سول»لۇق داربدا .
«توختا! ماڭ!»نىڭ كۆپلۈكىدىن مىڭ توساق،
«داشقازان»غا تەلمۈرۈشتە ئاچ قورساق،
ئۆينى كۆرمەي يازدا ئۈچ ئاي ساقمۇساق،
كەلسە ھاشاردىن يەنە ئالۋان ـ ياساق . . .
يىلسىرى قەرز ئاشتى باڭ ـ كانارىدا[9] .

ئىشتا — مېھنەتتە تۇرۇپ خەق ئالدى ئۇ،
يىلدا بىر دەپتەر نومۇر نەق ئالدى ئۇ،
ئون نومۇرغا ئالتە پۇڭ ھەق ئالدى ئۇ،
(تەرگە سۇتسىز «خالتا مەمەق» [10] ئالدى ئۇ،)
بەك ئۇزاق، كۆپ ماڭدى يولنىڭ تارىدا . . .

دەل شۇ مىسكىن ئەمدىكى مەردانە ئەر،
كۆر، ئەنە ھەيكەلسىياق ئۇز شۇقەدەر،
ئەتىگە قويغان قەدەم، سالغان نەزەر،
ئۇ — دېھقان ھۆرمەتكە يار ئىشچان پەدەر،
قەد كۆتۈردى بۇ دەۋر باھارىدا .

تىكلىدى ئابىدە دېھقانغا خوتەن،
ئۇشبۇ ھېكمەتتىن سۆيۈندى جانۇتەن،
كىم دېھقانسىز توق، خۇشال، شېرىن ـ سۇخەن؟
ۋاھ! دېھقاننىڭ ھەيكىلى پۈتتى بەلەن،
ھەممە كۆزلەر بۇ پەخىر زۇننارىدا!

«ئاپرىن»لار ياغدى دېھقانغا بۇ دەم،
ھەم شۇ سەنئەت پىرى — ئىنسانغا بۇ دەم،
ياغدى ئالقىش دەۋرى ئىمكانغا بۇ دەم،
ئۆرلىدى كۈي، كۆلكە ئاسمانغا بۇ دەم
بۇ يىپەك يۇرتى — خوتەن گۈلزارىدا . . .

1992 - يىل 22 - ئۆكتەبىر، خوتەن

---

① ئىلچى — خوتەن شەھىرىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.
② دېھقان ھەيكىلى شەھەرنىڭ يېڭىبازار مەھەللىسىگە تۇرغۇزۇلغان.
③ ھۇنۇز — يەنە.
④ سىگارى — سىياق، ئەلپاز، كۆرۈنۈش مەنىسىدىكى شېۋە.
⑤ خار — تىكەن، مەجازىي مەنىدە كىرپىك مەنىسىدە كېلىدۇ.
⑥ ۋۇجۇد مىمارى — بەدەن ئىمارىتى (تۇرغان - پۈتكىنى).
⑦ بىچاغ — چەكسىز، مۆلچەرلىگۈسىز مەنىسىدىكى شېۋە.
⑧ ھەر بارى — ھەر قېتىم، دائىم.
⑨ بالىڭ — كانارى - ھېساباتنى نەقلەشتۈرگەن ئاسما جەدۋەل.
⑩ مەمەق — باللار تىلىدا ئەمچەك.

# دېھقان دادام . . .

جان دادام باي بولغىلى قىستۇردى پەش،
چاپتى تىنماستىن قىسىپ قولتۇقىقا كەش،
شۇ سىياقى خۇددى جەمشىت، لەيلۇۋەش،
دەيدۇ: ئۇسسام خامىنىمدىن كاتتا چەش،
چەش ئۇسالماي، شۇنچە ھەيران، كۆڭلى غەش .

كۆڭلى غەش، ئىخلاسى غەشلىكتىن نېرى[1]،
ئاقىدۇ مېھنەت ئارا ماڭلاي تەرى،
ئەمما ئاق، تەر تۆكسىمۇ ئامەت يېرى،
ئۆتىدۇ ئەگىپ ئۇنى بايلىق پىرى،
قۇرت غازاڭ يەپ غوزا تۇتماس سالسا ئەش[2] .

ئىسىت، دادام يۇرسە پالاقشىپ بىزنى دەپ،
ئەمدى يوقسۇزلۇقىقا ئەگمەي تىزنى دەپ،
يوق قىلاي «نامرات» دېگەن ئەندىزنى دەپ،
ئىشلىسە، ئىشلەشكە رۇخسەت — ئىزنى[3] دەپ،
نە ئۈچۈن ئۇت ياقسا ئىس پۈركۈيدۇ مەش؟

ئۇ ئەمەس يالقاۋ، ھۇرۇن، دىتسىز كىشى،
تەندۇرۇس، بەردەم، تۈزۈك ئەقلى ـ ھوشى .

قانچە پەرۋاز قىلسىمۇ تەدبىر قۇشى،
ئىلگىرى باسمايدۇ تالڭ، ھېچبىر ئىشى،
شۇنچە ئىشچان ئەر تۇرۇپ ھالى گۆلەش.

«تالدا، مالدا، شالدا بەرىكەت» دەپ دادام،
باغ ياساپ تۆت چۆرىسىگە سوقتى تام،
تىكتى ئالما، تەك — ئۈزۈم، ئەنجۈر، بادام...
توۋا، كۈزدە ئاۋۇ قۇرتلۇق، ماۋۇ خام،
يارما شاپتۇل ئۇلغانتى، چىقتى ئەش[4].

«باي بولۇشنى ئىستىسەڭ، بورداقچى بول»
دەپتىكەن دەپ، چارۋا باقتۇق قولمۇقول،
چىشى — ساغلىق بەش، ئىنەك بىر، ئۆتمۇ مول،
يوق بوغاز مال، بۇ قىسىرلار ئەتتى گول،
بىرى بىر قالدى، يەنە شۇ بەشى بەش.

«تالدا، مالدا بىزگە تەلەي باقتى چەپ،
شالدا نەپ تەگسە ئەجەبمەس ئەمدى...» دەپ،
مايسا تىكتۇق شۇنچە رەتلەپ سەپمۇسەپ،
ئولتۇرۇپ ـ قوپساق چۆشەپتۇق بەتتە يەپ،
بەتتە نەدە، شال سىرىقداپ بولدى لەش.

باغ دېگەن باغۋەن قولىدا باغ ئىدى،
چەشمۇ دېھقانىنىڭ تەرىدە تاغ ئىدى،
چارۋا چوپان باقسا، لوق گۆش ـ ياغ ئىدى،
ئەمما «باغ»، «تاغ»، «ياغ»نى دائىم زاغ يېدى،
قالدى نەپسىز ھەر يىلى قىلغان كۈرەش.

جان دادام ئېيتتى ماڭا: ئىش پەنتنى
بىلگۈچى چاقماقتى مېھنەت قەنتنى،
قىسمىتىم ئەجرىمگە چاقلاپ پالتنى،
ماۋغۇدى رىزقىمغا تالىق مانتنى،
ئېيت، سەۋەب نەدە، قېنى بۇ سىرنى يەش!؟

ئېيت، نېچۈن تۇغماي، قىسىر قالدى كالا؟
ئېيت، نېچۈن شال مايسىسى بولدى ئالا؟
ئېيت، نېچۈن قەرزىم تولا، ئەرزىم تولا؟
ئېيت، نېچۈن يول كەڭ، بىراق بەختىم چالا؟
ئېيت، نېمشقا پۈتنىمۇ قىستايدۇ كەش؟

ئاھ، دېھقان بولماق نېمانچە تەس بۇ دەم،
بىز «ئېگىز»لىك ئىزدىگەنچە پەس بۇ دەم،
سەيسى ـ ئالۋان قىلدى خامۇش — مەست بۇ دەم،
مەن بۇ ھالدىن شۇنچە ھەيران ـ ھەس بۇ دەم،
دىلنى ئەزدى «مانتا كۆرمەي قەرز تۆلەش»[5] .

يىلدا يۈز كۈندىنمۇ جىق ئىش ـ كارىنى
سىرتتا قىلدۇق، سىرتقا چاچتۇق بارىنى،
ساتمىساق كىگىزنى، كەتمەن، ئارىنى،
ئالغىلى پۇل يوق يوپۇقنى، دارىنى،
قالدى ئەمدى ساتمىغان شۇ دوپپا، كەش . . .

قىرنى مايماق سالسا، ئالسا «قاش پۇلى»،
تېرىماپسەن دەپمۇ ئالسا «ماش پۇلى»،
ھەممىدىن جىق پۇل — شىبغىل، قۇم، تاش پۇلى،

تەگمسە نەق قولغا پاختا، ئاش پۇلى،
بارمۇ پەرمان دەپ: «قۇلاق كەس، كۆزنى تەش؟!»

دادىخاھقا دەردنى ئېيتماي بولمىدى،
يۇك ئېغىر بولغاچ، دېھقان باي بولمىدى،
قامچا تەگدى گەر دېسەك: «ۋاي، بولمىدى . . .»،
شۇڭا يا لەۋ، ياكى قول ماي بولمىدى،
كىم ئۇ قىزغانغان رىزقتىن ياغۇ پەش؟

مەن دېدىم: ئېيتقانلىرىڭ مىڭدىن بىرى،
ئۇ ئەمەس تەلەي ئىشى، قىسمەت سىرى،
ھالسىراتتى «بەر، يەنە بەر!»نىڭ سۆرى،
«سۆر»كى، ئۇ يەرلىك نىزامنىڭ چاڭ، كىرى،
كىردە داتلاشقاچقا، چەم تەشمەس دەرەش[6] .

كەلدى بىر پەرمانى تۆرنىڭ بۇ قېتىم:
«يۆلىمەك دېھقاننى دەپ، چوڭ كۆي، رىتىم،
ئۇ بىرىنچى سەپ، دېھقان — يار، ئۆلپىتىم،
يەتسە خارلىق ئەجرىگە يوق تاقىتىم،
مەيلى كىم بول، يار بىلەن بوش ھەپلەش! . . .»

جان دادا، ني ئىشقا يۇرگەي ئەمرىمىز،
«تۇنۇگۇن»دە قالدى كۇرمىڭ جەبرىمىز،
چۇنكى يۇزلەندى «بازار»غا دەۋرىمىز،
بىزغۇ بىز، يايرايدۇ ھەتتا نەۋرىمىز،
ئەمدى چاپماق يوق «پىلان» دەپ يەرمۇ گەش . . .

جان دادام كۆلدى ساقال سىيپاپقىنا،
ئېيتتى: شۇ پەرمانى چاپسان تاپقىنا!

دەپتۇ مەركەز دىلدىكى گەپنى مانا،
تۇرسا شۇنداق نېمىۇ دەيتتۇق يانا،
يىتتى كۆڭلۇمدىن تېڭىرقاش، تەمتىرەش .

هۆددە يەرگە ئەمدى ئىشلەيلى تازا،
«قىستىغاق»لار قول شۇمۇپ ئاچسۇن هازا،
تولۇق ئېرىپتۇ، بول، بالام، ئىشتا ئۇزا،
بولسا ئەل بىزدىن رىزا، ئاللا رىزا،
هېچ ياراشمايدۇ دېهقانغا ناز ـ كەرەش! . . .

* *

ئەسلىدىن ئۇبدان كەسىپ دېهقانچىلىق،
بار جاپاسى، راهىتى «چىلىق ـ چىلىق»،
ئەي زامان، سەن «كۆل»، دېهقان ئەركىن بېلىق،
ئۈزدۈرۈپ قويىنۇڭدا پەرۋىش قىل سىلىق،
شۇ «دادام»لار يۇرمىسۇنچۇ كۆڭلى غەش!

1993 ـ يىل 11 ـ فېۋرال، خوتەن

---

① نېرى — يىراق.

② ئەش ( ئەشلىك) — پىلە قۇرتىغا غوزەككە كىرىش مەزگىلىدە تاشلاپ بېرىلىدىغان كۆپ غوللۇق چۆل ئۆسۈملۈكى .

③ ئىزنى — ئىجازەت، ماقۇللۇق .

④ ئەش — كەچ كۈزدە پىشىدىغان، ئۇرۇقچىسىدىن ئېتى ئاجرىمايدىغان بىر خىل شاپتۇل سورتى .

⑤ «يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپتۇ» دېگەن ماقال كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑥ دەرەش — موزدۇزنىڭ ئاياغ كىيىم تىكىدىغان دەرەپشىسى .

# دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش

ياز ئۆتتى، كۈز كەتتى، يېقىنلاشتى قىش،
ئۆششۈكنىڭ قەددىمى -- سۇرئىتىدە نىش[1]،
پەسلدە ئالمىشىش، كۆڭۈلدە ئەندىش،
ئەندىشكى: قامچىلاپ «يىغىش ھەم تېرىش»،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

بولسىغۇ بەش ـ ئون كۈن سوغۇق بولمىسا،
يۇقىرىنىڭ پەرمانى بوغۇق بولمىسا،
يۈرەكلەر ئازار يەپ «جىغۇق» بولمىسا،
«بىلەرمەن» غوجاملار شۇنى ئويلىسا:
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش؟

ئىست، بۇ يىل كېۋەزلەر ئوخشىغان بۇلۇق،
ھەر غوزەك نازىدا باشقىچە خۇلق،
بۇلۇقلۇق، نە كېرەك يىغمىسا تولۇق،
دىمەڭلار: پەيت بارغۇ، بوش تىترە -- ھۇلۇق،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

باشاقنى كۆتۈرۈش كەلگەچكە تەسكە،
قوناقنىڭ بېغىشى ئېگىلگەن پەسكە،

(مول هوسۇل بۆلەيدۇ دىلنى ھەۋەسكە،)
ئالتۇن دان ئۈندەپ «تېز يىغىۋال، كەس!»كە،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

تەك - ئۈزۈم تۈپىدە تالاي كاللا — ساپ،
قىزلارنىڭ لىۋىدەك كۆلدى رەڭ ياساپ،
ئۈزمىسە ۋاقتىدا رەڭگى نە ھېساب،
(ھومايدى ئۈنىڭغا ئۈششۈك — نائىنساپ،)
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

شۇ كەمدە زەپ سۈرلۈك شاڭجاڭنىڭ ئۈنى:
كۆزگىنى تېرىپ بول پالانى كۈنى!
كېچىكسەڭ جەرىمانە . . . ئەستە تۇت بۇنى،
قوناقنى چاپ، يەرنى بىكارلا، قىنى! . . .
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

دۈيجاڭمۇ چېچىلغاق، قاپىقى تۈرۈك،
مىجەزى چۈس، نازۇك — ئەينەكتەك چۈرۈك،
(قامچا يەر بولمىسا ئىچ ئات يۈگۈرۈك،)
قىستىغاچ ھەممىنى ئاخىرقى سۈرۈك،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

دەر ئۈلار: چامغۇرنى كېيىن قېزىۋال،
پاسارنى كېچىدە يۆتكەپ تىزىۋال،
غوزىنى قاچان پەيت چىقسا ئۈزۈۋال،
بىز دېگەن ئىشنى قىل ھەممىدىن ئاۋۋال!
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

— ئەتىلا چىقسەن ئېلىشىپىشقا[2]،
بۇگۈن تاش يۆتكەيسەن ئۆستەڭ قېشىغا،
ئون كۈندىن ھاشار بار كىشى بېشىغا،
رۇخسەت يوق ھېچكىمنىڭ شەخسىي ئىشىغا! . . .
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

بۇيرۇققا «خوپ . . .» دېسەڭ، قوناق كۆك پېتى،
كېۋەز ساي[3] ئېچىلىپ، كۈلدى قات ـ قېتى،
«ياق» دېسەڭ، كىمنىڭدۇر تاشىدۇ ئۆتى،
كېسىدۇ سايپاق[4] نى «تىك ـ تىك»[5]نىڭ چوتى،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

بىر يىللىق ئەجرىنى سۇرۇك قىلسا يەم،
زىرائەت پىشماستا يىغسا، ھوسۇل كەم،
كاللىدىن ئۆتمىگەن ئىشتا يوقكەن تەم،
ئاھ، شۇڭا دىلدا مۇڭ، غەم ئۈستىگە غەم،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

تەبىئەت پەسلىنىڭ ئۇششۇكى باشقا،
«پەرمان»نىڭ ئۇششۇكى تەگمەكتە باشقا،
شۇڭلاشقا گۆھەر كۆز تولماقتا ياشقا،
«چىش تاشقا، ئاغزىمىز بارمايلا ئاشقا»[6]،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

تەس تېرىپ پەرۋىشلەپ قوناق، پاختىنى،
كۈندە مىڭ كەزگەنلەر ئېتىز ـ تاختىنى
بىلمەسمۇ يىغىش ھەم تېرىش ۋاقتىنى؟

بەك ئانىي[7] تاپتى خەق بىز ھاڭۋاقتىنى!
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

«غوجام»لار ئالدىراپ دېھقاندىنمۇ بەك،
يۈرمىسە چېچىلىپ، قويۇشمىسا چەك،
كۆرمىسە ئۆزىنى «چوڭ»، بىزنى گۆدەك،
نېمانچە كۆپ گۇمان، نېمانچە كۆپ شەك،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

ئېتىزدىن بوشانماي تۈرۈپلا قولى،
تەر — شوردىن قۇرۇماي ماڭلىيى، غولى،
كۆز قىستى تاشئۆستەڭ، ھاشارنىڭ يولى،
قاچان ئۆز ئىشىغا ئاشىدۇ چولى؟
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

شادىدىن غوزەكنى ئۈزمەمدۇ دېھقان؟
پاساردىن قوناقنى سۇزمەمدۇ دېھقان؟
ئۈزۈمنى قازناققا تىزمامدۇ دېھقان؟
قىشلىق سەي ـ كۆكتاتنى قازمامدۇ دېھقان؟
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

دېھقاننىڭ يوقمىدۇ ئۆيدە كەملىكى،
ئېلىشى، بېرىشى — بىرەر تەڭلىكى،
بولمىسا بوش پۇرسەت، خاتىرجەملىكى،
بولمىسا ئالدىراش ۋاقتىنىڭ چېكى . . .
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش .

ئۇ تېخى تۇگمەندە يۇمشتمدى دان،
قشقچە قورساققا كېتەر خېلى نان،
توگلايدۇ تكمسە ئۇستۋاش -- چاپان،
تاپمسا يېقلغۇ، قاينماس داگقان،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئش .

چىلىدە سوغ چمداپ تۇرسا تاپاننى،
يەر تېخى سالمسا «توگلاق چاپان»نى،
چاپسان بول، پاتۇرغىن دېسە ساپاننى،
ئالماق تەس ھەر مودىن تونىا تالقاننى،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئش .

ئويلانماي چۇشۇرۇپ «جىددي بۇيرۇق»نى،
كۆم دېسە مەۋسۇمدىن بۇرۇن ئۇرۇقنى . . .
كۇزلۇككە ئۆزئارا تالاپ قۇيرۇقنى،
دېھقانغا ئىتترسە «بويۇنتۇرۇق»نى . . .
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئش .

پەسلى ياز . . . بۇغدايلار تۇرغاندا سۇتلۇن[8]،
دېھقاننىڭ بېشىدىن چىقرىپ تۇتۇن،
«ئورغاق سال!» دېگەنلەر «يېرىم»مۇ، «پۇتۇن»،
دەيلچۇ: «بۇغدىيىڭ پىشسۇن، كۇل، كۇتۇن! . . .»
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئش .

تەك -- تالنى ئاچاردا يۇرۇپ نەلىدە،
كۆمەردە ۋاقتى يوق (تۇرۇپ مەلىدە)،
شۇگا ئات چاپتۇرغان بىلەن چەللىدە،

بىشىمىز يەنىلا «نامرات» سەللىدە،
دېھقاننى ئالدىغا سىلجۇالدى ئىش . . .

ھەرقانچە چىداملىق، ھەرقانچە چاققان
بولسىمۇ، پولات جان ئەمەسقۇ دېھقان،
دېمەيلى: «سۆرەمدىن چىقتىلىڭ، تارت ساپان!»
ئۇ ئىزدەر ئادالەت تەختىدىن قالقان،
دېھقاننى ئالدىغا سىلجۇالدى ئىش .

ئېتىزدا تۆكەپتۇ ئۇنىڭ ياشلىقى،
ئېتىزدا خوراپتۇ كۈچى، شاشلىقى،
ھۇزۇرى، خۇشلۇقى — تۆت تال ئاشلىقى،
دېمىنى كەسمىسۇن ئالدىراشلىقى،
دېھقاننى ئالدىغا سىلجۇالدى ئىش .

مول ھوسۇل مول پېتى كەلسۇن خامانغا،
ئەجرىنى كۆممەيلى پاسار، سامانغا،
ئۇمۇ بىر «ئۇھ . . .» دېسۇن، يەتسۇن ئارمانغا،
قەددىمى زىياندىن ماڭسۇن ھايانغا،
دېھقاننى ئالدىغا سىلجۇالدى ئىش .

* *

سىز، بىزنى باققىنى دېھقاننىڭ نېنى،
تومۇردا ئاققىنى دېھقاننىڭ قېنى،
ۋەتەنمۇ تەكتىدىن ئۇنىڭ ۋەتىنى،
پۈۋلەيلى ھەممىمىز دېھقان ئوتىنى،
دېھقاننى ئالدىغا سىلجۇالدى ئىش .

دېھقاننىڭ غېمىنى يېگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننىڭ گېپىنى دېگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننى ئۇلۇغ دەپ بىلگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننى كۈلدۈرۈپ كۈلگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش . . .

1993 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

① نىش — نەشتەر.
② ئېلىشىپىشى — دەريادىن ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلايدىغان جاي.
③ ساي — ئەمدىلا، ھازىرلا مەنىسىدىكى شېۋە.
④ سايپاق — سۆرەلمە، پۇتىنى تېز يۆتكىمەيدىغان كىشى.
⑤ تىك ـ تىك — ئالدىراڭغۇ كىشىنى شۇنداق دەيدۇ.
⑥ «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا بارغۇچە، چىشى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەن ماقالىگە ئىشارەتلەندى.
⑦ ئانىي — بوزەك، ياۋاش مەنىسىدىكى شېۋە.
⑧ سۇتۇن — دېنى پىشمىغان، قاتمىغان مەندە.

# ئۆستى

ئۆتتى قىرىق يىل، يىلدا ياش ئۆستى،
ئۆتتى قىرىق يىل، كۆڭۈل شاش ئۆستى،
ئۆتتى قىرىق يىل، دوست ـ قاياش ئۆستى،
ئەقىل ـ ئىدراك، كۆزقاراش ئۆستى،
بارچە شۇنداق ئالدىراش ئۆستى .

شەھرى ئەزىم ئۆستى باشقىچە،
بىنا چۈشتى يېتىپ ئاشقىچە .
يېكاپلاشتى يوللار قاشقىچە،
تۈزدى ھۆسن قىرى ـ ياشقىچە،
قەددى ـ قامەت، ئۇستۋاش ئۆستى .

ئاشپۇزۇللار رېستورانلاشتى،
مەيخانىلار چاقچۇق تاملاشتى،
تاماق سەرخىل: «شورپا ـ نان»لاشتى،
مۇلازىمەت ئەجەب قاملاشتى،
سودا ـ سېتىق بىرتۇتاش ئۆستى .

باھانىڭمۇ يىرىمى ئۆستى،
دۇكاندارنىڭ كىرىمى ئۆستى،
(ئۇپا ـ ئەڭلىك — گىرىمى ئۆستى،)

ئورمانچىنىڭ جىرىمى ئۆستى،
خىزمەتچىدە پۇل — مائاش ئۆستى.

توخۇلارنىڭ ئېقىپ دۇئاسى،
تۇخۇمنىڭ ئاشتى باھاسى،
ئۆستى گۆشنىڭ نەرخ - ناۋاسى،
دېھقانىنىڭلا يوقتەك خۇداسى،
مېھنەت ئەجرى بەك ياۋاش ئۆستى.

قىش - ياز دېمەي كۆرسىتىپ ھىممەت،
بەل مۈكچەيتىپ ياراتتى نېمەت،
شۇنداقتىمۇ قىلمىدى مىننەت،
پاختىدىن چىت، داندىن نان قىممەت،
ئاھ، دېھقاننى «يەپ - تالاش» ئۆستى.

بىر يىل ئىشلەپ دان يىغسا يەردىن،
پالان - پوكۇن سان يىغسا يەردىن،
سىز، بىزنى دەپ نان يىغسا يەردىن،
ھاياتلىقچۇن جان يىغسا يەردىن،
پۇلى ئۆسمەي پاختا، ماش ئۆستى.

سۇلياۋ يوپۇق ياپمىسا تېخى...
ئاق ئوغۇتنى چاچمىسا تېخى...
ئوتاپ - سۇلاپ باقمىسا تېخى...
ھەممىگە پۇل تاپمىسا تېخى...
ئىلاج قانچە، قاتتى باش، ئۆستى.

يەرنى تاشلاپ كېتەلمىسەيا...
جېنىنى جان ئېتەلمىسەيا...
مۇرادىغا يېتەلمىسەيا...

كۈتۈلمسە، كۈتەلمسەيا . . .
ئۇزاق زامان كۆزى ياش، ئۆستى .

قۇچۇپ كۆكنى پىغانى — ئۈنى،
بارغانچە يەر تارتقاندا يىنى،
تۇغدى ئاخىر دېھقاننىڭ كۈنى،
تاپتى قىممەت بۇغدىيى — دىنى،
تەرگە لايىق باھا — ئاش ئۆستى!

دېھقان بۇ يىل ئاش سىتىپ كۈلسە،
ئەجرىدىن بىر قەنت تىتىپ كۈلسە،
قويۇپ، مەيلى يا يىتىپ كۈلسە،
كۆككە بۆكنى ئىتىپ كۈلسە،
قىلماس ھېچكىم دە ـ تالاش — «ئۆستى» .

مەن شەھەرلىك ئاش ئىلىپ يەيمەن،
ناننى كۈندە ياش ئىلىپ يەيمەن،
باھا ئۆستى، راست گەپنى دەيمەن،
ئازراق ئۇنغا كۆپ پۇل تۆلەيمەن،
ھەمىيانىمغا بىر تال «تاش» ئۆستى .

مەن بۇ «تاش»تىن رازى دېھقانچۇن،
«پۇللۇق ئاش»تىن رازى دېھقانچۇن،
يات ياداشتىن رازى دېھقانچۇن،
كەچسەم باشتىن رازى دېھقانچۇن،
دېھقانغىمۇ بىر قاشتاش ئۆستى!

1994 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# دېھقان دەيدۇ . . .

دېھقان بىز ئەڭ كۆپى نوپۇس سانىنىڭ،
دېھقان بىز خوجىسى زېمىن ئانىنىڭ،
دېھقان بىز ئىگىسى ھوسۇل كانىنىڭ،
كېپىلى ھەركىمنىڭ ئوزۇق ـ نانىنىڭ،
جاپاكەش ھەقداسى جاھان — «پانىي»نىڭ .

قەدىمي قوۋم بىز كەسپ زاتىدا،
ئەجرىمىز ھەر گۈلنىڭ قات ـ قاتىدا،
نان — ئىمان ئۇلۇغلۇق ئېتىقادىدا،
ئۇلۇغ بىز بىلگەننىڭ ئىلتىپاتىدا،
بەرىكىتى ھاياتلىق خانۇمانىنىڭ .

ئالدىدا شۈكىلاشقا ھۆرمەت رېتىمىز،
گېزىتنىڭ نەرىگە باقماڭ ئېتىمىز،
غۇربەتتە بولسىمۇ پاراغىتىمىز،
تەسەللى، چاۋاكتىن مىنگەن ئېتىمىز،
ئەمەلدە قۇلى بىز جەرىمانىنىڭ .

بارغانچە ئېگىلىپ تۆۋەنگە باشلار،
چاناقىقا سىغمىغاچ ھەسرەتلىك ياشلار،
يۈرەكنى خۇن قىلغاچ «بۇلاش ـ تالاش»لار،

ئامالسىز دادلىنىپ، ئاھ، زاماندىشلار،
ئىشكىنى چەكتۇق ئەل مېھرىبانىنىڭ.

دېھقانىنىڭ زامانغا كۆڭۈل كىرى يوق،
شۇڭىمۇ سۆزى راست، يالغان يېرى يوق،
ئەجرىنىڭ يا «ئۆسۈم»، ياكى «دىرى» يوق،
ئۇ بوزەك باش - كۆزنى سىلار بىرى يوق،
ھال - كۈنى يۇڭدەك يازغى شانىنىڭ[①].

جاق تويدى دېھقان خەق يالغان ساناقتىن،
يىلسېرى «ئاشقان» يوق بۇغداي، قوناقتىن،
توختىماي «ئېشش»تا ھوسۇل قىناقتىن[②]،
«ئاشقاننى سات!» زۇلمى قىلدى ئاۋاقتىن،
قاچانمۇ سىرتىمقى بوشار تانىنىڭ؟

ئېتىزلار «توننا»لىق، توننا ئاش چىقسا،
قوناق ھەم بۇغداي، ھەم ئازراق ماش چىقسا،
ھېسابچى غوجاملار بىزدىن شاش چىقسا،
راست سانغا «قاش» چىقسا، كۆزدىن ياش چىقسا،
يۈرەككە يەتتىغۇ ئۇچى پانىنىڭ[③]!

پاختىمۇ تېرىدۇق، ھالىمىزغا ۋاي،
كىرىمدۇق ئېتىزدىن يەتتە - سەككىز ئاي،
ئۇتىدۇق - سۇلدۇق . . . بولارمىز دەپ باي،
«ئاق ئالتۇن» سەمرىتتى خەقنى، بىز گاداي،
ۋەھىمدە قالدۇق «قەرز» ئاتلىق كانىنىڭ[④].

يىلنىڭ داۋرىگى بىر زۇلۇم بولدى،
قۇرت بېقىپ دەردىمىز مىڭ تۇلۇم بولدى،
كىرىمدىن چىقىم جىق، داد، ئۆلۈم بولدى،

هېچ كىشى دېمەس: «نەق ئون پۇلۇم بولدى . . .»
مال ـ مۈلكى تۆلەمدە ھەر ئۆي ـ خانىنىڭ .

ئۆي ـ ئۆيگە تېگىلدى توختاملىق پىلە،
نە پىلە، بىز ئېشەك، ئۇ بولدى مۈلە⑤ .
بىر تال قۇرت ئۆلسە، دەر: «جەرىمانە تۆلە!»
بۇ قانداق ئادالەت، بۇ قانداق ھىيلە؟
بۇ تەھقىق ئەمرى كەنت خاندانىنىڭ!

ئۇ: «مەبلەغ بەر!» دەيدۇ يوپۇق، دورىغا . . .
بۇ كېلىپ: «پۇل!» دەيدۇ تەۋەڭ، بورىغا . . .
ھەممىسى قىستىسا تارچۇق، ئورىغا،
ناخشىنى ئوقۇيمىز كىمنىڭ «خور»ىغا؟
تېگىدە قالدى تەن چاقا ـ دانىنىڭ⑥!

پىلانلىق تېرىمنى قىلمايمىز دېدى،
خاس ئاشلىق تېرىساڭ، تىللايمىز دېدى،
بازارغا يۈزلەنسەڭ، قوللايمىز دېدى،
يۈزلەنسەك، «ئۆيدىن كۆچ — قوغلايمىز!» دېدى . . .
ئۆزىلا بوپقالدۇق مۇردا — ھانىنىڭ⑦ .

بىز مانا مۇشۇنداق بىچارە بەندە،
سالىدۇ «خارەت»لەر توختىماي «رەندە»،
يانچۇق بوش، تاغار بوش، كىيىم جۇل ـ جەندە،
بىزگە كىم باشپاناھ، كىملەر پەيۋەندە؟
يېرىمى قالدىغۇ دېھقان جانىنىڭ!؟

بىلىمىز مەركەزنىڭ قوللىشى باشقا،
يەرلىكنىڭ دېھقاننى گوللىشى باشقا،

ئىش باشقا، دوكلاتتا يوللىشى باشقا،
سۇنامدۇ چىننى تاشلىسا تاشقا،
شوتىدا ئۆلەمدۇ ئېتى چانىنىڭ ؟!

ئەمەلگە ئاشسا تېز زامان ۋەدىسى،
يوقالسا سىلىقنىڭ هارام پەتىسى،
دېهقانىنىڭ كاپالەت تاپسا ئەتىسى،
ئاھ، نېچۈن تولا بۇ «دۇتار پەدىسى»،
ئۆگىيى بولمىسا دېهقان «پانىي»نىڭ؟ . . .

1994 - يىل 18 - ئاۋغۇست، خوتەن

① شانا (شوينا) — گىلەم توقۇلىدىغان، يازلىق يوگىدا تەييارلانغان يىپ.
② قېناق — مۆلچەر بەلگە، مەلۇم چەك.
③ پانا — ئۆتۈك قېلىپىغا قېقىشقا مەخسۇس تەييارلىنىدىغان ئۇچلۇق ياغاچ.
④ كانا — قوي - چارۋىلاردا بولىدىغان قان شورىغۇچى پارازىت پىت.
⑤ مۇلە — ئېشەككە توقۇلىدىغان ئۇچۇلۇق.
⑥ دانا — يۇزگە چىقىدىغان مۇدۇر، دانىخورەكنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.
⑦ هانا — بەدەننىڭ ئېگىلىپ قالغان، بىر تېرە، بىر سۆڭەك هالىتى.

# شېئىرىي ئاخبار

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئارقا ـ ئارقىدىن پەرمان چۈشۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن يېزىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا بىر قاتار شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردۇم. مىللەتلەر نەشرىياتى بۇ شېئىرلىرىمنىڭ بىر قىسمىدىن «دېھقان بولماق تەس» ماۋزۇلۇق قاپلىق ئۆنئالغۇ لېنتىسىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى . . .

«دېھقان بولماق تەس» جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدا ئوخشىمىغان باھا ـ ئىنكاسلارنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندى. شەنىمگە ئوقۇلغان تەشەككۈرلەرگە ئەگىشىپ، ئەپقاچتى «مىش ـ مىش» پاراڭلارمۇ پەيدا بولدى. كۆڭۈل بۆلگۈچى دوستلارنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بولۇپ قالار دېگەن مەقسەتتە بۇ شېئىرىي ئاخبارنى يازدىم .

**«تەس دېھقان بولماق»نى يازغاندىن بېرى،**
**جەمئىيەتنىڭ بولدى ھەر خىل تەبىرى .**
**ئۇ سۈرۈشتۈرسە «قەيەرلىك؟» دەپ مېنى،**
**بۇ دېدى: كەسپى نېمە؟ ياشمۇ، قېرى؟ . . .**
**ئالتە ئادەم بولسا جەم دەرھال شۇ گەپ:**
**بارىكاللا! پاك ئىكەن ۋىجدان يېرى .**
**قەلىمى سىزماپتۇ ھېچ يانتۇ سۈرەت،**
**يازغىنى بوپتۇ رېئاللىق تەسۋىرى .**
**ئەجرىگە پاقلان سويۇپ بەرسەكمۇ ئاز،**
**ئۆمرى ئۆتكەي شاد، بېشى غەمدىن نېرى . . .**
**دالدا ـ بۇرجەكلەردە «مىش ـ مىش»مۇ تولا:**
**ھەي، چاتاق بۇ ئالدېپەشنىڭ تەقدىرى .**

ئاللكىم تەگەپ، ئىنقىلاپ يۈرگۈدەك،
چەكلىنىپتۇ لېنتا (بارمىش خەتىرى) . . .
ئالغۇدەك قولغا — سولارمىش تۈرمىگە،
(غەلۋىگە بولغاچ سەۋەب ھەر سەتىرى [1]) .
كۈندە ئاڭلايمەن مۇشۇنداق سۆز - پاراڭ،
ھەر ئىغىزدا بىر قىياسىنىڭ تەپسىرى .
ئۇ مۇكاپات بەرسە قوشلاپ زەر ئۈزۈك[2]،
دەپ: تەشەككۈر، لېنتا - چىنلىق دەپتىرى . . .
بۇ غودۇڭشىدۇ: «قۇسۇر ئىزدەشقۇ بۇ، —
دەپ، - چۈۋۈلدى (كۆرپە)نىڭ تور، ئەستىرى . . .»
مەن دېھقان دەردىگە مەلھەم ئىستىدىم،
يازغىنىم يالغان ئەمەس، سەھرا سىرى .
بىر سوپۇن بولسام — ئىبرىغدالسا دېدىم
نامۇۋاپىق يۈك — سىلىق، ئالۋان كىرى .
تىل مېنىڭ، تەپتىش مېنىڭ، كەچمىش ئۈنىڭ،
بارنى تىزدىم، قىلمىدىم «كېيىن، ئىلگىرى» .
ھەمپىكىر بولغاچقا مەن مەركەز بىلەن،
ئەلگە ياقتىم، ئاشتى نەزمەم تەسىرى .
پارتىيە دەپ كەلدى: يۈك يەڭگىللىسۇن،
يۈك ئىغىرلىق نەق بالانىڭ بەتتىرى!
مەن شۇ روھنى نەزملەشتۈردۈم، خالاس،
دەل شۇ روھتا چاقنىدى دىل ئەخترى .
قىلمىغاچ ئاقنى قارا، يوق تەشۋىشىم،
قەدىمىم تۈز، شۇڭا كەڭ يول بەندىرى .
ئەي كىتابخان، ئەي دېھقان، تۈرغۈز ئىشەنچ،
ئەگرىنى رۇسلايدۇ دەۋران تەدبىرى .
ئوغرى دەرمىش: «ئوغرىنى تۇت!» ۋارقىراپ،
ئەمدى ئاقماس ئوغرىلارنىڭ تەكبىرى .

**مېنى قوللايدۇ مۇھەببەتلىك زامان،**
**سېنى قوغلايدۇ ئادالەت سەرۋىرى!**

1996 ـ يىل مارت، خوتەن



① سەتىر — قۇر، مىسرا .
② بۇ ئۇنىئالغۇ لېنتىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق كۆڭۈل ئىزھارى سۈپىتىدە مېنى بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن تارتۇقلىدى .

# روهنى پاكلاش تەس

«دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دوراپ يازىدىغانلار بىرمۇنچە «تەس»لەرنى يېزىشتى. يېقىندا بىرەيلەن «هاراق ئىچمەك تەس» ماۋزۇسىدا بىر ھەجۋىي تەييارلاپ سورۇنلاردا ئوقۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمىسى خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ مۇشائىرەنى يازدىم . . .

ئاڭلاپ قالدىم، بۇرادەر، بىر پىيەنچۈك ناكەس
كۆتۈرۈپتۇ نالە ـ پەرياد، (ئۇنى شۇنچە پەس،)
دەپتۇ: ئىچمەي تۇرالمايمەن بىردەم، بىر نەپەس،
ئازغا قانماس نەپسىم، كۆپى قىلدى رەسۋا، مەست،
دېھقان بولماق قانچىلىك ئىش، هاراق ئىچمەك تەس . . .

هاراق دېگەن قوناق سۈيى، ئىچىپ «خوش!» دەيمەن،
مەينى كۆنلەپ بوتۇلكىدىن «ماڭا توش!» دەيمەن،
مەھبۇبەم بول، ۋۇجۇدۇڭنى جانغا قوش دەيمەن،
ئىچمەسلەرنى ئەركەك ئەمەس، بېلى بوش دەيمەن،
دەيمەن دېھقان بولماقتىنمۇ هاراق ئىچمەك تەس . . .

ئاڭلىشىمچە ئېزىپ ئۇ «زات» ئەزمىلىرىنى،
مەيگە چىلاپ دات جىسمىنىڭ رەزمىلىرىنى،
پاراكەندە ئەيلەپ شادلىق بەزمىلىرىنى،
بۇزۇپ ئوقۇپ ئۆمەر ھەييام نەزمىلىرىنى،
قاقشايدىكەن دەپ: ھەممىدىن هاراق ئىچمەك تەس . . .
ئاز ئىچەيلى، ساز ئىچەيلى، دەيدىكەن باشتا،

سەل قىزىسا، قالىدىكەن رومكا تالاشتا،
كۆڭلى ئاينىپ قەيەدىن كېيىنكى كالپۇك يالاشتا،
تۆگەيدىكەن سورۇن جېدەل — كالپۇك ياماشتا،
دەركەن مەجرۇھ هالدا ۋايساپ: هاراق ئىچمەك تەس . . .

ئىقرارىچە، يۇمۇر ـ چاقچاق ئېيتاركەن دەسلەپ،
ئىچكۈزەركەن كىم ئېزىقسا ئۈچ رومكا، قەستلەپ،
يىغلايدىكەن، يىغلاتقىنى «ئانامنى ئەسلەپ»[1]،
چۈشىدىكەن خورەككە كېيىن مىجەزى پەسلەپ،
غىڭشىيدىكەن دەپ: هەممىدىن هاراق ئىچمەك تەس . . .

ئادىمىلىك قىممىتىنى تونالماي ئۇ «زات»،
رېستورانىنىڭ نامى چىقسا تۇرالماي ئۇ «زات»،
خەق كەينىدىن سوكۇلداپ هېچ ئۇيالماي ئۇ «زات»،
مۇت[2] قا ئىچىپ، ئۆزى بىر رەت قۇيالماي ئۇ «زات»،
دەيدىكەن: ئاھ، هەممىدىن بەك هاراق ئىچمەك تەس . . .

دەركەن: پۇلۇم بولسا كۆل رەڭ — تۆت باش سىزىلغان،
جوزام بولسا توخۇ، ئۆردەك، بېلىق . . . تىزىلغان،
مەيىم بولسا «ئىلىنىڭ» دەپ ماركا يېزىلغان . . .
هېچقايسى يوق، ئالەم خەسىس، ئالەم بۇزۇلغان!
دېھقان بولماق تەسمىش تېخى، هاراق ئىچمەك تەس! . . .

ئامەتلىككە نازىنىنلار ئېتىپ قېشىنى،
مۇلازىملار ئۇدۇللايدۇ بېلىق بېشىنى،
«چاپانچى» چايناپ هارماس توخۇ تۆشىنى،
تەقدىر نېچۈن ئايار مەندىن پاقلان گۆشىنى؟
ئاھ، هەممىدىن بۇ جاھاندا هاراق ئىچمەك تەس! . . .

تووۋا دەيمەن، خەق مەردلكتە كولشار يانچۇق،
ئوت چاقنتار كۆزلىرىمدىن تومپايغان قاپچۇق،
جىنم قاقشار سوقۇشقاندا رومكسى «جاق ـ جۇق»،
(رومكا تۇتقان ئاق ئالقاندا نەدە قاپارچۇق؟)
شۇڭا دەيمەن: ھەممدىن بەك هاراق ئىچمەك تەس . . .

مەست ئەمەسمەن، مەستانىمەن، مەستلىك — قاراملق،
قاراملارچە ئىچ! «مەي هالال، كەيپى هاراملق»،
نەق ئىمان شۇ مەي خۇمارى بەرگەن ئاراملق،
قلغاي شاراب خۇي ـ مجەزنى قابىل، ياراملق! . . .
دەيمەن شۇڭا: مەست بولغۇدەك هاراق ئىچمەك تەس . . .

ئىچەلمەسلەر ئىچمەي دىسە، بوپتۇ دىمەيمەن،
كم قولۇمنى ياندۇرغان؟ دەپ چىشنى بىلەيمەن،
«شاتىراقلق»تا تەخسە چىقىپ، پۇلنى تۆلەيمەن،
يولغا چقىپ لەيلەپ، تەننى لايغا مىلەيمەن،
هوشسز يىتىپ، غىڭشىپ دەيمەن: هاراق ئىچمەك تەس . . .

رۇسلىيالماي لەڭپۇك كەبى لۆمشتىپ تىزنى،
«ئوۋ ئۇچرىدى» دەپ مەستلىكتە قوغلايمەن قىزنى،
«داداڭكەنغۇ؟» دىسە، دەرهال كاچاتلاپ يۇزنى،
لەنەتلەيمەن بولۇشچە هاراق دەيۇزنى،
هالىم ئاشۇ، ھەممدىن بەك هاراق ئىچمەك تەس . . .

تامبال تىزدا . . . دەرەخلەرگە مەڭىز يەملەيمەن،
قىستاپ كەلسە، هايا قىلماي يولنى نەملەيمەن،
كۆندە زەخمە، كۆندە زىيدە . . . كۆندە ئەملەيمەن،

بۇنچە جىق پۇل نەدە؟ ئۆيدىن قاساپ جەملەيمەن،
ۋاي بۇ غەمنى، ھەممىدىن بەك ھاراق ئىچمەك تەس . . .

ياندۇرالماي كېكىردەككە كەپلەشكەن قەينى،
قەي ئىچىدىن سۇزەلمەي شۇ سۆيۈملۈك مەينى،
ئوڭشىيالماي ئېسىلغان باش، تارتىشقان پەينى،
تىڭشاپ يېتىپ «دېھقان بولماق تەس» دېگەن دەينى،
دوراپ دەيمەن: ھەممىدىن بەك ھاراق ئىچمەك تەس . . .

*　　　*

تەنگە ئەمەس، ئەقلۇ ھوشقا قەست قىلغان ھاراق،
ۋىجدان، ئىمان، پەزىلەتنى «مەست» قىلغان ھاراق،
روھنى بۇلغاپ، ئاڭنى مەجرۇھ، خەس قىلغان ھاراق،
مىللىتىمنىڭ ھال ـ كۈننى تەس قىلغان ھاراق،
چىن ئىنسانغا، راست، بۇ كەمدە ھاراق ئىچمەك تەس!

«ھاراق ئىچمەك تەس» ئىكەنۇ، تاپماي ئاسانىنى
«تەس»كە كۆنگەن، قويە، سەندەك ھالى سەرسانىنى!
ئېيت، بۇ كۆنگە قويغان نېمە ئەھلى ئىنسانىنى؟
بىلەلمىگەچ زۇلمۇ ستەم، خەيرۇ ئېھسانىنى،
ھاڭۋېقىشتا دېدىڭ يىغلاپ: ھاراق ئىچمەك تەس . . .

كاساڭ ئوچۇق، رومكاڭ پۇچۇق، ۋىجدان يېرىلغ دەز،
بېشىڭ قاپاق، كۆزۈڭ چاپاق، كالپۇكلىرىڭ گەز،
ئورنۇڭ پەستە، كۆنۈڭ تەستە، يۈزۈڭ قېلىن ـ بەز،
ئەل ئەختەردە، سەن خەتەردە! دېسە، ھېس قىل ـ سەن؟ . . .
پەرۋايىڭ يوق، دەيسەن تىنماي: ھاراق ئىچمەك تەس . . .

«هاراق ئىچمەك تەس؟» — بۇ تەسلىك كىمنىڭ سورىدىن؟
نومۇس، قاقشاش، مەي ئۆتمىسە گالنىڭ «نو»رىدىن !
دېھقان بولماق تەس — بۇ تەسلىك كىمنىڭ زورىدىن ؟
بىز كۆلەمدۈق دەردمەنلەرنىڭ تەلەي شورىدىن ؟
ئېيتە، هاراق ئىچمەك تەسمۇ، دېھقان بولماق تەس ؟! . . .

هاراقكەشلەر، ئۇنتۇپ قالماڭ ئەسلىڭىزنى سىز،
سۈرۈشتۈرۈڭ دېھقانمۇ - يوق، نەسلىڭىزنى سىز،
مەيدىن ئەمەس، شاندىن ئىزدەڭ ۋەسلىڭىزنى سىز،
پاكلاڭ ۋىجدان - روهنى، باهار پەسلىڭىزنى سىز،
روهنى پاكلاش تەس، هەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

1997 - يىل 3 - يانۋار، خوتەن



① ئانامنى ئەسلەپ — شۇ ناملىق ناخشا تېكستى (تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ) .
② مۇت — بىكارغا، هەقسىز دېگەن مەنىدە .

# دېھقان

چىدام ـ بەرداشتا ھېچكىم سەنچىلىك مەزمۇت ئەمەس، دېھقان،
ئەگەر سەن بولمىساڭ، ئەھلى جاھاننىڭ ھالى تەس، دېھقان .
ئۇلۇغسەن، كاتتا سەن ـ توقلۇق، مەئىشەت كەتمىنىڭدىندۇر،
ئۆزۈڭ بولغاچ، مېنىڭ ئاش، ئۇستىۋاشىم ئۆكسۈمەس، دېھقان .
خېنىمنىڭ ئۇسىمىسى سەندىن، غوجامنىڭ پوسمىسى سەندىن،
سېنىڭ ھاتەم مىجەزىڭدە خەزىنە لىق — پەۋەس دېھقان .
جاپايىڭ كۆپ، بىراق كۆرگەن كۈنۈڭ باغرىمنى ئۆرتەيدۇ،
كىرىمسىز كارۇ مېھنەت، ئاھ، بېشىڭنى ئەگدى پەس، دېھقان .
كۆزۈڭ ياش نالە ـ گىرياندىن، گادايلىق قىستى ھەر ياندىن،
تېپىلماس ئۇشبۇ ئالەمدە ئۆزۈڭدەك خارۇ خەس، دېھقان .
سېنىڭ پايداڭغا ئايلانمايدىغان چەرخى پەلەك سۇنسۇن،
سۆكۈتكە تاقىتىڭ يوقمۇ، دېگىن بۇ ھالغا بەس، دېھقان !

1997 ـ يىل 14 ـ نويابىر



# بەزىلەر، ئەي بەزىلەر . . .

بەزىلەرنىڭ بىر ئورام سەللاسى بار،
بەزىلەرنىڭ بىر دۆۋە تىللاسى بار،
بەزىلەرنىڭ كاتتا ئۆي، مەئۋاسى بار،
بەزىلەرنىڭ بەستى، بوي دەۋاسى بار،
بەزىلەرنىڭ رومكا ـ مەي، «ھا ـ ھا»سى بار .

بەزىلەر بار جىسمىدىن كۈچ تاشقىدەك
قىلدۇرۇپ رۇستەمنى بەيئەت ئاشقىدەك،
ئەمما ئاشماق يوق، خىيالى باشقىدەك،
ۋاقتى ئىسراپ يورغىلاپ ئات ـ قاشقىدەك،
دىل يېرى «ئاق»، (مايىسسىز مەرئاسى[1] بار .)

بەزىلەردە يوق «بۈگۈن»دىن باشقا غەم،
ئۇخلىيالماس، قالسا بىر كۈن سەيلى كەم،
بەزىلەرنىڭ ئىنتىلىشچان پەيلى كەم،
ئىلمۇئىبرپان، مەرىپەتكە مەيلى كەم،
روھىي قاششاقلىقتا مىڭ غوۋغاسى بار .

بەزىلەرنىڭ ھالىغا تاغ بويلىماس،
رايى «مەن!»دىن باشقىنى ھېچ ئويلىماس،
قالسىمۇ ئۆرۈشكە تاغنى تاس ـ تاماس،

لەۋزى كەلمەس پەزلى ـ ئەخلاقىغا ماس،
كەلمگەچ ماس «بىز»گە، يات ئىغۋاسى بار .

بەزىلەرنىڭ پىكرى «دۇنيا ـ مال» بىلەن،
بەزىلەرنىڭ «ئوينا، ئىچ، يە، چال . . .» بىلەن،
بەزىلەر بەند «بەرمە، ئالداپ ئال» بىلەن،
بەزىلەر شۈكرانە خورەك، پال بىلەن . . .
ھەممە يۇرتنىڭ شۇ سۈپەت لەقۋاسى بار .

بەزىلەر قىينالسا دىشۋار خارىدىن[2]،
بەزىلەر سەمرىيدۇ رىشۋە ـ پارىدىن،
بەزىلەر ئايرىلسا يوقۇ بارىدىن،
بەزىلەر بولغاي شۈلۈش زەردارىدىن،
(بۇ گېپىمنىڭ مىڭ ئاساسى — راسى بار!) . . .

*　　　*

بەزىلەر، ئەي «بەزىلەر»، دەۋرانغا باق ،
بۇ جاھان پانىي[3] ئەمەس، باقىي ياتاق[4]،
ئۈنمىسە ئەجرىڭدە گۈل، ھالىڭ چاتاق،
(قالغۇسى شەنىڭگە، بىل، «لەنەت» ئاتاق،)
بۇ ئاتاقنىڭ ھەرقاچان «ئاپلا»سى بار .

كۆر، ئەنە تەگتۇشلىرىڭ كۆلمەكتە شات،
شان ـ زەپەر جەڭگاھىدا چاپماقتا ئات،
«ئەر غېمى — ئەلنىڭ غېمى»، رىشتىڭنى چات،
بىر ئىبسىل قامۇس ئىبرۇر پەزلى ھايات،
(بىر خاتانىڭ يۈز غەلەت ئىملاسى بار!)

ئەل بىلەندۇر «كاتتا»لىق، «ئەلا»لىقلىق،
ئەل بىلەن «مىس تەڭگە»، «زەر تىللا»لىقلىق،
بىنەزەرسەن، بولمىسا لىللالىقلىق .
ئايرىلۇر تۆھپەڭ بىلەن جىلىق ـ جالىقلىق،
«جا»غا كىمنىڭ مەيلى بار، پەرۋاسى بار؟

رىزقى ئام⑤غا «نەپسى ھام»نى ئاچمىغىن،
ئەلگە ناھەق پارا، ئالۋان چاچمىغىن،
بول سېخىي، مەردلىك يولىدىن قاچمىغىن،
قويسا ۋىجدان يول توسۇپ، يانپاشلىغىن،
بۇ گېپىمنىڭ، بىل، تېرەن مەناسى بار!

*                *

«بەزىلەر»نىڭ بىرى مەن -- شائىر بالا،
بىلىمەن، يازمام چالا، (ئازدىم تولا،)
ئەمما ئازسامۇ، ئەمەس كۆڭلۈم ئالا،
ئەل ئۈچۈن بولماق مۇراد «سۈتلۈك كالا»،
لەۋزى راستىنىڭ يارى كۆپ، ھەمراھى بار! . . .

1996 ـ يىل ئىيۇن، خوتەن

---

① مەرئا —— تېرىمغا كىرمىگەن، مۇنبەتلەشمىگەن بىنەم.
② خار —— تىكەن.
③ پانسي —— ئۆتكۈنچى.
④ باقىي ياتاق —— مەڭگۈلۈك ماكان.
⑤ رىزقى ئام —— ئەل ـ يۇقرانىڭ رىزقى.

# سۆيۈملۈك دېھقان

سەن ئالتۇن بۆشۈك جان بۆلەيدىغان،
سەن مەزمۇت تۈۋرۈك روھ يۆلەيدىغان،
مەن شائىر ئوغۇل قەرز تۆلەيدىغان،
يۈرەك سۆزۈم بار ساڭا دەيدىغان،
دىلكەشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

بەختىم ـ سەن بىلەن تەقدىرداشلىقىم،
سېنىڭ ئەجرىڭدىن مېنىڭ شاشلىقىم،
كىيگەن كىيىمىم، يېگەن ئاشلىقىم،
قوۋمىڭدىن يارىم — قەلەم قاشلىقىم،
دىلكەشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

پۇشتۇم سەن، تومۇر، يىلتىزىم بىللە،
ھېسسىيات، خىيالىم، يول ـ ئىزىم بىللە،
قىش ـ يازىم بىللە، ئەندىزىم بىللە،
ھەتتا ماقۇلۇم، ھەرگىزىم بىللە،
دىلكەشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

قانىتىم سەندىن، پەرۋازىم سەندىن،
نەغمە ـ مەشرىپىم، كۈي ـ سازىم سەندىن،
ئىلھامىم سەندىن، ئاۋازىم سەندىن،

ئۈدۈمۈم، قىلىق ـ مىجەزىم سەندىن،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

سەن سالغان كۆچەت تومۇزدا سايەم،
سەن بەرگەن ئوتۇن سوغدىن ھىمايەم،
كۆلكەڭ مۇرادىم، شادلىقىڭ ئايەم،
سېنىڭ مىزانىڭ مۇتلەق رىئايەم،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

سەن بولغاچ، ياڭراق كۆلكە ـ خەندانىم،
سەندە پاراۋان لوقما قەندانىم،
سەن باققان قوينى چاينار دەندانىم،
دېمەك، سەندىن ھەل كېمىم ـ چەندانىم،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

سەن ئاچقان يولنىڭ تەييارى مېنىڭ،
سەن شوتا بولغاچ، سەييارە مېنىڭ .
بېغىڭنىڭ ئالما، ئانارى مېنىڭ،
ھەتتاكى شەرەپ ئەنزارى مېنىڭ،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

تۆھپەڭدە ئالەم كامال تاپىدۇ،
چۆللەر ئۇجماق[1]تەك جامال تاپىدۇ،
تىنچىقلار سالقىن شامال تاپىدۇ،
ھاياتلىق سەندىن ئامال تاپىدۇ،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

پۈتۈن يىل بويى ئالمايسەن ئارام،
تەرىڭ بىھېساب ياسايدۇ تارام،
ئۆمرۈڭ ئېتىزغا، كەتمەنگە قارام،

سەن شۇنداق بەردەم، جاپاكەش، يارام،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

ئۆستەڭ قازىسەن، بوز يەر ئاچىسەن،
باسقان ئىزىڭدىن گۆھەر چاچىسەن،
مىننەت، تەمەدىن يىراق قاچىسەن،
«مەن»گە تاۋى يوق كەمتەر، ئاتىسەن،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

ئىسلاھات ساڭا قۇچاق ئاچتى، راست،
«داشقازان»— ئاچلىق زۇلمى قاچتى، راست،
بىراق ھېلىھەم كېمىڭ جىق، بۇ راست،
ئەمەس دىشۋارىڭ مەڭگۈلۈك مىراس،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

راھىتىڭدىن كۆپ تارتىمىش جاپايىڭ،
ئەمما بىزگىلا مەردلىك، ۋاپايىڭ،
بار تېخى تالاي نامرات، گادايىڭ،
مەنچىلىك ئەمەس ئولتۇراق جايىڭ،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

سەن يۈرگەن بىلەن ۋاي، نېمە قوق دەپ،
زامان غېمىڭدە ياشىسا توق دەپ،
شۇڭا تەشكىللەر بوز ئاچ، قىر سوق دەپ،
(ئۇنىڭ يەتكۈدەك تېرىمى يوق دەپ،)
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان .

شۇنىڭ ۋەجىدىن چۆل ـ بوزدا جايىڭ،
ئۆستەڭ، دامبىدىن ئۆچمەس ئىز ـ پايىڭ،

هازىرچە يوللۇق تارتقان جاپايىلىك،
بولغۇسى هامان بەخت هەمراھىڭ،
دىلكەشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان.

سەن ئاچقان بوزدا هايات كۆكلەيدۇ،
كۆكەرگەن هايات قۇمنى چەكلەيدۇ،
(قۇم چەكلەنمىسە، بىزنى يەكلەيدۇ،)
ئۇندا ئەۋلادلار كۈلۈپ سەكرەيدۇ،
دىلكەشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان.

مەندىن تەسەللى، سەندىن ئەجىر - تەر،
مەن شۇنداق شائىر، سەن شۇنداق مەرد ئەر،
ئالتۇنسەن - ئالتۇن، هەتتاكى مەرمەر،
مۇراد كۆككە ئۆرلەپ قانات كەر،
دىلكەشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان.

شۇنچە كۆپ كەشپۇكارامەتلىرىڭ،
ئەمما قۇيماقسىز بارائەتلىرىڭ،
ئاز بولغاچ كىرىم - دارامەتلىرىڭ،
قىينار موھتاجلىق جاراھەتلىرىڭ،
دىلكەشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان.

ئويلاپ كېتىمەن: بوپقالسام تەڭرى،
ئۆي - ساراي بەرسەم يورۇق، كەڭ - كەڭرى،
كۆرمىسە جاپا، تارتمىسا جەبرى،
ئاجايىپ قوۋم بۇ، خىسلىتى- سەۋرى . . .
دىلكەشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان.

گەر خىزىر بولسام، دەپ ياخشى كۈتۈن،
قىلسام كىيىمى، نېنىنى پۈتۈن،

كۆزنگە هەرگىز كىرمىسە تۇتۇن،
يۈزى قورۇقسىز، بولسا ئۈز - سۈتۈن . . .
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دىيقان .

ئارزۇلار ئىشقا ئاشىدۇ ھامان،
چامدىساق ئۇدۇل، باشلىسا زامان،
«تۆۋەن باسقۇچ» بۇ، بار دوقال - داۋان،
ئەنە، مەنزىلدە كۆز قىسار جانان،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دىيقان .

كۆچۈك رۇستەمچە، پەزىلىك ھاتەمچە،
كەمتەرسەن - كەمتەر، تۆھپەڭ ئالەمچە،
دىلىڭدا كىر يوق زەررە، بىر تامچە،
پۈتمەس شەنىڭنى كۈيلەي ھەرقانچە،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دىيقان .

ھەيكىلىڭدىنمۇ بۈيۈكسەن - بۈيۈك،
مەن ساڭا ئامراق، سەن ماڭا كۆيۈك،
بىزدە مۇجەسسەم مۇھەببەت - سۆيۈك،
روھىڭ مەن ئۈچۈن مەنىۋى تۈۋرۈك،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دىيقان .

*          *

سەن كىرمەي تۇرۇپ، جەننەتتە مەن يوق!
سەن يوق تويلاردا ئەلۋەتتە مەن يوق!
ساڭا نەپسىز كۈي، سەنئەتتە مەن يوق!
بولمىسام ھەمدەم مۇڭ -- دەردتە، مەن يوق!
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دىيقان .

سەن ئالتۇن بۆشۈك جان بۆلەيدىغان،
سەن مەزمۇت تۈۋرۈك روھ يۆلەيدىغان،
مەن شائىر سەنچۈن قەرز تۆلەيدىغان،
يۈرەك سۆزۈم شۇ ساڭا دەيدىغان،
دىلكىشىم، دوستۇم سۆيۈملۈك دېھقان.

1998 ـ يىل نويابىر، خوتەن



① ئۇجماق -- سەككىز جەننەتنىڭ ئەڭ گۈزىلى.

# نەزم

«كوچىلاش»تا، «چۇقچىلاش»تا پۈتتى ياشلىق دەۋرىمىز،
«نوختىلاش»تا، «دەتالاش»تا سۇندى قامەت ـ سەۋرىمىز .
بىز بىلەن كەتسۇن، يارەنلەر، توختىماي «چىشلەش، تېپىش»،
ئۆچ ـ ئاداۋەت، غۇم ـ مۇرامدىن خالىي ئۆتسۇن نەۋرىمىز .
بىزگە كەلگەن بارچە كەلمىش پەيلىمىزنىڭ مەھسۇلى:
«ئۇستى»گە باقساق ھەسەتتە، «پەس»نى تەپتى گەۋرىمىز .
ئالسا ئەت كىمكى، «سېمىز» دەپ ئۇچلىدۇق غەيۋەتكە تىل،
زىلۋا بويلۇقنى «ئاۋاق» دەپ، سانجىپ ئۆتتۇق زەھرىمىز . . .
بۇ مىجەزۇ ئىللەتنى قالدۇرمايلى ئەۋلادقا مىراس،
بولمىسا، قارغىشتا ئايلانغاي توزانغا قەبرىمىز .

1995 ـ يىل 9 ـ نويابىر، خوتەن

# ئەر دېمە

نەسلىدىن تانغاننى ھەرگىز ئەر دېمە،
دوستىدىن چانغاننى ھەرگىز ئەر دېمە،
ئادىمىيلىك قىممىتى چىلىق لەۋزىدە،
لەۋزىدىن يانغاننى ھەرگىز ئەر دېمە.

تەقدىرىڭنى قاتمىغىن تانغان بىلەن،
يول - سەپەرگە چىقمىغىن چانغان بىلەن،
پەرقى چوڭ گۈل - غۇنچىنىڭ قامغاق بىلەن،
يولدىن تايغاننى ھەرگىز ئەر دېمە.

پوتا چەگمەك، دوپپا كىيمەك زاھىرەن[1]،
ئەر سۈپىتى بۇ شەكىلدىن كۆپ تېرەن،
ھاۋشىغانغا داپشۇنۇپ، تولغاپ گۆرەن،
ئۇۋۇى يوق تايغاننى ھەرگىز ئەر دېمە.

---

① زاھىرەن — سىرتقى قىياپەت، كۆرۈنۈش.

# كېسۋەتمە ئۆرۈم چېچىكنى

(ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئىلتىجا)

ئۇيغۇر قىزى، چېھرىڭدىن نۇر تارايدۇ،
گۈزەللىكىڭ ئاشىقلارغا يارايدۇ،
يۈزۈڭنى ئاي، كۆزۈڭنى كۈن مارايدۇ،
ھەممە ساڭا ھەۋەسلىنىپ قارايدۇ،
كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

بەستى ـ بويۇڭ ئوخشايدۇ ئۈز ئارچىغا،
لېۋىڭ غۇنچە، قاڭشىرىڭ تۈز ناچىغا،
چېچىڭ، بىلسەڭ، جان بېغىشلار بارچىغا،
يات ھەۋەستە قول ئۇزارتما قايچىغا،
كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

ئەركىگە قوي چېچىڭ، بەلدە سويلىسۇن،
شەيدا كۆزلەر قاراپ ـ قاراپ تويمىسۇن،
تاڭ سەلكىنى ئۇنى تاراپ ئوينىسۇن،
كۆز تەگمىسۇن، بىزنى دەردتە قويمىسۇن،
كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

چاچ ئەمەس ئۇ، باشتىكى تاج — زىنىنتىلىك،
ئۇ غۇرۇرۇڭ، ئەسلىي قەدىر ـ قىممىتىڭ،
ئۇ بايلىقىڭ، چىۋەرلىكىڭ، ھىممىتىڭ،
ئاسرا ئۇنى، پەخىرلەنسۇن مىللىتىڭ،
كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

بىلىپ قويغىن: ئۇيغۇر قىزى — شەرقلىقسەن،
شەرمىڭ بىلەن پۇر باھاسەن — نەرخلىقسەن،
شۇ چاچ بىلەن ھەركىملەردىن پەرقلىقسەن،
شۇ چاچ بىلەن پەخىرلەنسەڭ، ھەقلىقسەن،
كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

يىگىت كۆركى بۇرۇت، بىلسەڭ قىزنىڭ چاچ،
تۇخۇم چاپقىن چۇشسۇن تېقىم، تىزغا چاچ[1]،
ھەسەت قىلىپ قول چىشلىسۇن «كۆزى ئاچ»،
سالسا شەيتان دەي ـ دەيگە، توپا چاچ!
كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

يارىشىملىق، بەلەن چاچقا قەس قىلما،
ئۇنى كېسىپ قىممىتىنى پەس قىلما،
يىگىتلەرنى مەيۇس، خامۇش ـ مەس قىلما،
مودا قوغلاپ ئالتۇننى خار ـ خەس قىلما،
كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

باغقا قارا، چاتقالمۇ بار، رەنا بار،
ئەلگە قارا، غاپىلمۇ بار، دانا بار . . .
چاچقۇ شەكىل، شەكىلدىمۇ مەنا بار،

**ئېيت، قەيەردە سەندەك زىبا، بەرنا بار؟**
**كەسمە، بەرنا، ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى ! . . .**

1995 ـ يىل مارت، خوتەن



① يىلان تۇخۇمى چېپىپ بەرسە چاچنى ئۆستۈرىدۇ دەيدىغان گەپ ئىشارەتلىنىدۇ.

## ئەقىدە قانچە چىڭ بولسا

ئەقىدە قانچە چىڭ بولسا، خالاس روھىڭ ھالاكەتتىن،
ئەقىدەڭ قىلچە سۇسلاشسا، قۇتۇلماق تەس پالاكەتتىن .
كىشىگە مەنىۋى تۈۋرۈك ئەقىدە، غايىۋى ئىخلاس،
ئۇ ساقلار يارنى ئاپەتتىن، يارەننى دەرد ـ تالاپەتتىن .
بۇرادەر، پەسلى قىش باقىي ئەمەس، جۇتنىڭ باھارى بار،
ياشاشنى ئىستىسەڭ پاك سەن، يىراقلاشما ساداقەتتىن .
ساداقەت، بىل، بىراۋلارغا ئەمەس، بولسۇن ھەقىقەتكە،
بۇ ھالدا گەرچە باش پەس، ئەمما روھ ئۈستۈن سالاپەتتىن .

1997 ـ يىل 8 ـ ئۆكتەبىر

# بول

مەيلى سەن تەسپايى بول، كۆك ماھى بول،
مەيلى يۇرتنىڭ شاھى ياكى داھىي بول،
كېتسەن بۇ «پانىي ئالەم»دىن ھامان .
كەتكۈچە پۈرسەتنى تۇت — ئاگاھى بول:
گەر غېنى بولساڭ، غېرىبقا ياپ چاپان،
گەر ھوقۇقدار سەن، ئاۋام ھەمراھى بول .
دەردى بارنىڭ دەردىگە يەت، باش سىلا،
قالسا تىنچىقتا شامال بول، سايى بول .
ئەل بىلەن كۈل كۈلسە، يىغلا يىغلىسا،
ھەم گۇۋاھلىق پەيتىنىڭ لىللاھى بول .
چاپ خاتالار يىلتىزىغا تىغ — قىلىچ،
ھەق ـ ئادالەت جارچىسى — مەدداھى بول .
روزى، سەن يا باي ئەمەس، يا شاھ ئەمەس،
ئال قەلەمنى، ياز، خەلقىنىڭ رايى بول .
قالسا بەس، ئەل قەلبىدە راستگۈيلۇقۇڭ،
باشقىسى ھېچ گەپكى — بولما، گاھى بول! . . .

1997 ـ يىل 3 ـ ئاي

## قەسەم

تەمەيىم يوقكى تاجدارنىڭ غەرەزلىك ئىلتىپاتىدىن،
پېقىر قايتمايدۇ نەپ كۆزلەپ يولىدىن، ئېتىقادىدىن .
ئاۋامنىڭ دەردىنى يىغلاپ، كۆزۈمنىڭ گۆھرى ئاقسۇن،
تۆكۈلسۇن دەردتە ـ زەخمەتتە گۈلۈم ھەر قاتى ـ قاتىدىن .
كۆيەي مەيلى دوزاختا، ۋاي دېمەستىن ھەقنى سۆزلەرمەن،
ئۆلۈمدۇر ئايرىلىش قوۋمىم ئىشەنچى ـ ئېتىماتىدىن .
كۆرۈپ تۇرسام قەدەمدە ئاچ، يېلىڭ، دىشۋاردا قالغاننى،
قۇرۇقلا ماختىسام قانداق بولاي ئەمگەكچى زاتىدىن؟
پىيادە چۆل كېزەي، رازى، (چۆلمۇ باغ دىيارىمنىڭ)،
بىزارمەن ئاللىكىملەرنىڭ مۇكاپات قامچا ـ ئاتىدىن .
بۇ ۋىجدان لەۋزىدىن ئەھدۇ قەسەمدۇر، ئاڭلىغىن، خەلقىم،
ئەجەبمەس دەردلىرىڭ پۈتسە ئىجادىمنىڭ زىماتىدىن . . .

1997 ـ يىل 8 ـ ئۆكتەبىر

# شېئىر ۋە شائىر

ئۇ دېدى: ئەللامىلەر[1] ئالدىدا شائىر نەق بوۋاق،
يازغىنى توم ـ توم كىتابلار تەرتىپىدە بىر ئۇۋاق.
سەن دېدىڭ: شائىر دېگەن ئويغاتقۇچى، شائىر — ماياك،
نەزمىنى سەل چاغلىغانلار ئەقلى چولتا — تومتۇۋاق.
مەن دېدىم: ھەربىر شېئىر بىر ئىلتىجا ھەم بىر تەلەپ،
ئۇ سۆيۈك، ئۇ ئوت، نىگاھ، ناز، ئۇ پىراق، ئۇ ئىشتىياق...
بەلكى شائىرلىق ـ ساراڭلىق، باش ـ كۆزى قان تام ئۇسۇپ،
مېھرى گۈلدەك خۇش پۇراقۇ قەھرى ئۇندەش ھەم سوراق.
ھەر كۆڭۈل تىلسىم، تېپىشماق، ھەر قەلبتە مىڭ قۇلۇپ،
نەقلا ئاچقۇچ شېئىردىكى ھەر پەش، چېكىت، ۋەزىن، تۇراق.
ئۇ دېسۇن، يا سەن دېگىن: شائىرغا لىللالىق كېرەك،
لازىمى چىنلىق، كېرەكمەس شېئىرغا سۇنئىي يالتىراق!

1997 ـ يىل 19 ـ ئۆكتەبىر

[1] ئەللامە — ئالىم، بىلىمدە كامالەتكە يەتكۈچى.

# روھي نابۇتلۇق بۆلەكتۇر . . .

ئاچ ـ يېلىڭ قالساڭمۇ مەيلى، قىسما نامەردكە بويۇن،
ئاچما لەۋ مىننەت ئۈچۈن، ئەجرۇ پاكلىقتا تويۇن .
روھي نابۇتلۇق بۆلەكتۇر، ئەقلى مەزمۇتلۇق بۆلەك،
بىر نەپەس سەلكىننى دەپ ئاچما پۇشايمانغا قويۇن .
كۆتمە ھېچكىمدىن ھىدايەت، «ئۆز»دىن ئەۋزەل ياخشى يوق،
خەق سۇيى ئالۋۇن، شامالى يا بوراندۇر، يا قۇيۇن .
شاھى ھامىمانىڭ تەمەسىدىن بەلەن ئۆز ئەۋرىزىڭ،
مەيلى لاي بولسۇن، ئۆزۈڭنىڭ كۆلچىكى ئوبدان، يۇيۇن!
بۇ ۋاپاسىدىن جاپاسى كۆپ، ئەجەب «شەيتان» جاھان،
پۇتمىسەڭ قىلغان گېپىمگە، ساقلا، كۆرگەيسەن ئويۇن!

1997 ـ يىل 22 ـ ئۆكتەبىر

# بولغۇسى

راستنى سۆزلەپ بەلكى تاپقان ـ تەرگىنىڭ غەم بولغۇسى،
ھەقنى كۆزلەپ بەلكى دەرد تارتىشتا كۆز نەم بولغۇسى .
باغ بىنا قىلساڭ، بىراۋلار سايدەپ، يەر مېۋىنى،
مېھنىتىڭنىڭ ھەققى بەلكى ھەسسىلەپ كەم بولغۇسى .
بۇ «ھېساب»نى ئويلىماستىن، قىل رىيازەتلىك سەپەر،
ھەر قەدەم باسقان ئىزىڭ بىر كۈن مۇكەررەم بولغۇسى .
ئۇجمە ئىرغىتساڭ، ۋاسالغۇ تەگمىسە، ھېچ گەپ ئەمەس،
يەپ ئۇنى نەۋرەڭ نىجاتلىق تاپسا، بەردەم بولغۇسى .
ھەممە جان ئۆز ھۇجرىسىنى ئايلىنىپ: «مەن ـ مەن» دېسە،
ئېيت، ئۇ چاغدا كىممۇ «ئۆتكۈر» ياكى «ئەختەم» بولغۇسى؟
روزى، سەن «تەرسايى»① ـــ كاجلىقتا ئۆزۈڭنى كاتتا بىل،
قىل ئۈمىد: ئۆلسەممۇ، دەپ ھەر دىلدا قەبرەم بولغۇسى!

1997 ـ يىل 10 ـ نويابىر

① مۇئەللىپ بىر مەزگىل «تەرسايى» تەخەللۇسى بىلەن ئەسەر يازغان.

# تارىمغا نەزەر

تۇغراق بىلەن يۇلغۇن ئىدى تارىمنى قايىم قىلغىنى،
قۇم كۆچمىسنى تۇختىلاپ، بوستاننى جايىم قىلغىنى.
ئەمدى مانا چۆللەر «كۆچۈپ»، تۇغراق قۇرۇپ، يۇلغۇن ئۆچۈپ،
ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، خوتەننىڭ كەلدى ۋايىم قىلغىنى.
چۆلنى ئىمسقاپ بەچچىلەر، «لاۋبەن»[1] ئىسملىك نەچچىلەر،
يەر ئاچتى، قۇمنى قىرقىتىش — شۇ بولدى دائىم قىلغىنى.
بۇ ئۆچ ئېلىشمۇ ياكى قەست: «يۇلغۇننى يۇل، تۇغراقنى كەس!؟»
ئۇ كۆكلىگەن تەس، شۇ ئىدى قۇمنى مۇلايىم قىلغىنى...
بەرسەڭ تەبىئەتكە ئازار، ئۇ پەيلىنى بەرھەق بۇزار،
نەق بىز، ئەمەس قۇم يا بوران، قورقماسنى «سايىم» قىلغىنى.
بۇ ئەل — ئاۋامنىڭ پەيلىمۇ يا باشقىلارنىڭ خەيلىمۇ،
چەك قويغۇلۇقمۇ، مەيلىمۇ؟ كۆرگىن، خۇدايىم، قىلغىنى!

1997 - يىل 27 - نويابىر

---

[1] لاۋبەن — تارىم دەريا ۋادىسىنى بۇزۇش خاراكتېرىدە يەر ئېچىۋاتقان يېڭى زېمىندارلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# سىلىشتۇرما

ئىلكى نامراتلىق بولەكتۇر، كۆڭلى ئاپتاپلىق بولەك،
ئەڭنى زەربابلىق بولەكتۇر، قەلبى نابابلىق بولەك.
يولگەنچە سالپىيىپ ياتماق بولەك، قوپماق بولەك،
جىسمى بىتاپلىق بولەكتۇر، روھى ئاجناپ[①]لىق بولەك.
شوتا قويسا — يولسە يوقسۇلنى دەۋران ئۆگزىگە،
ھەسسە قاتماقلىق بولەكتۇر، پۇتنى تارتماقلىق بولەك.
«ھاي!» دېگەنچە ئاۋۇغان ئالۋاڭ ـ سىلىق سەكراتتا، كور،
ئاغا تون ياپماق بولەكتۇر، نەيزە ئاتماقلىق بولەك.
مەنزىلى يۇكسەكتە ھازىر تاڭشۇرۇلغان ئارغىماق،
يەككە شاشماقلىق بولەكتۇر، بىللە چاپماقلىق بولەك.
ئەڭ مۇھىم پەيت بۇ ئەسىر ھالقىيدىغان، بالقىيدىغان،
پەللە ئاشماقلىق بولەكتۇر، «نەپ»كە باقماقلىق بولەك.
ئەي يارەنلەر، ياخشى پۇرسەت چىللىماقتا باغرىغا،
ئالما ئاتماقلىق بولەكتۇر، غۇنچە تاقماقلىق بولەك...

1997 ـ يىل نويابىر، خوتەن

① ئاجناپ — تويماس، ئېچىرقىماق.

# بىر سائىلنىڭ رىسالىسى

قول، پۇتى ساق، قەلبى چولاق، توكۇرمەن،
غۇرۇر سېتىپ مۇتقا، توقۇم توقۇرمەن.
سىياقىمدا بىچارىلىك، مىسكىنلىك،
بارغان يەردىن «چالما» يۇدۇپ قوپۇرمەن.
پارچە ـ پۇرات سەدىقىگە خۇشۇم يوق،
چوڭ ـ چوڭ بەرسە، ئاندىن رەھمەت ئوقۇرمەن.
ساددىلارغا ئېيتارىم شۇ: «دادام يوق،
پۇلسىز، كېسەل ـ ئۇچەيلىرى سوقۇرمەن.
ئانام قارىغۇ، ئاكام پالەچ، ئىنىم گاس،
ئاھ، نامراتلىق . . .» دەيمەن تىنىپ چوڭقۇر مەن.
«سېخىيلارنىڭ جايى جەننەت!» شۇ گەپتە
يانچۇقىنىڭ ئاغزى چىڭنى نوقۇرمەن.
ئالىقان ئېچىپ، دۇئا چېچىپ، كۆز ياشلاپ،
بەرمەسلەرنىڭ ئىنساپىنى چوقۇرمەن.
خەقنى ئالداپ تاپقىنىمنى ھەر ئاخشام
تاۋىكاغا خەجلەيدىغان موخۇرمەن.
ئاكام تىمەن، ئانام ساپمۇ ساق، دادام بار،
(ئاغزى شالتاق، لەۋزى يالغان كۆپۈرمەن).

ياتار جايىم تۇغ ـ شەددىلىك گۈمبەزدە،
نىكاھىمدا ئىككى خوتۇن -- پوخۇرمەن . . .
قول قاپارتىپ يۇرمىسەممۇ، يېنىم توم،
رىزقى كەڭرى، ئەقلى چولتا «خور ـ خور»[1]مەن .
باغرى يۇمشاق مىللىتىم بار بەرگىلى،
بەرگەنسېرى قىچىشقاقتەك يۇقۇرمەن .
نامىم سائىل، ھېچ نەرسىدىن كېمىم يوق،
خۇدا بەرگەن «ھالى ئېگىز ئوقۇر» مەن .
كېمىمغۇ يوق، يۇرەك پوك ـ پوك، غېمىم بار،
يۇرت شەنىگە داغ، ساقايماس قوتۇرمەن .
دەپ قالسا ئەل: «ئىشلەپ يېگىن، ئالدامچى!»
ھالىم چاتاق، ئۇ چاغ ئوپۇر ـ توپۇرمەن . . .

1997 ـ يىل نويابىر، خوتەن



① خور ـ خور -- خورەكچى، ئۇيقۇچان مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

# بېغىشلىما

دەرىخا! مىڭ ئىستكى، بەندىلەرگە بەندىلىك قىلدىم،
ئېگىلدىم ناھەقىقەتكە، ئەجەب شەرمەندىلىك قىلدىم.
كۆزۈمگە قولنى ئۇچلاپ، ئاچ بىقىنغا تەپكۈدەپ تۇرسا،
«ئاتام سىز، ۋاي ئانام سىز...» دەپ تېخى خۇرسەندىلىك قىلدىم.
دىلىم يىغلاپ تۇرۇقلۇق، كۆز، چىرايىم كۈلكە ياغدۇردى،
ناگاھ قەلبىمدە شادلىق، ئەپتى ماتەم - تەلۋىلىك قىلدىم.
ئۆزۈم ئاچ يىلىڭ، خالتام قۇرۇق، ھەمياندا بىر پۇل يوق،
شۇ ھالغا چۈشكىنىمنى «بەخت»كە جوراپ، ئەزمىلىك قىلدىم.
قەلەمكەشنى دېيۇركەن: «ھەق - ئادالەت ئەينىكى»، مەنچۇ،
ۋە لېكىن مەن ھالىنىڭ ئەكسىچە زەپ سەت قىلىق قىلدىم.
قەلەمنى ھەر مۇقامغا يورغىلاتتىم، مەيلىگە قويماي،
تېرىقنى «تاغ» قىلىپ يازدىم، غۇلاچنى «بىر ئىلىك» قىلدىم.
تېخى «ئايغىر غۇنانلاپتۇ» دېدىم: «قۇملار چېچەكلەپتۇ...»
دېمەك ئىلھامنى يالغاننىڭ چىراغىغا پىلىك قىلدىم...
يېشىم ئەللىكتىن ئاشقاندا، دېدىم: «بەس، ھەقنى سۆزلەيمەن!»
ئۆزۈمنى زاتى مەنسۇر[1]دەك كۈلاھۇ جەندىلىك قىلدىم.
بىلىڭلار ئۇشبۇ يازمامدىن مېنىڭ ھالىمنى، ئوغلانلار،
كېتەرمەن بىئەجەل، مەيلى، ئاۋامنى خەندىلىك قىلدىم!...

1998 - يىل 1 - ماي

---

① مەنسۇر -- مەنسۇر ھەللاجى.

# قىش پەسلىدە ئىككى تەمەچ

1

ئەي ئاسمان، كۆرەڭلەپ قار چاچما ئۇنچە،
سىڭگەنىدەك سوغ نەپەس ئۆتتى بىرمۇنچە .
ئەلپازلىق چاپقۇنلۇق ئەگسەڭمۇ شاخنى،
قاراپ تۇر، شاخلاردا كۆكلەيدۇ غۇنچە .
بۇ باھار ھارپىسى، باھار ئەلچىسى،
ھەر بىخقا يار قىلدى مىڭلاپ تۈگۈنچە .
كۆردۈڭمۇ چاقنىغان يۇلتۇز توپىنى،
پاھ، ئۇلار ئۈمىدتەك نۇرانە شۇنچە!
ئاز قالدى، ئۇزايسەن، ئىللىسا قۇياش،
چېچۇال قارىڭنى، بوپتۇ، بۇگۈنچە . . .

2

قارلىق قىش باھارنى تۇغىدىكەن، راس،
تۆت پەسىل قىشقىلا ئەمەسكەن مىراس . . .
جۇدۇندا لەپپەڭلەر بارالىق، ساتىملار،
ئاياغىنلىق ئاستىدا تولىق ـ مۇز قاتىملار .
ياغقان مۇز چىمدايدۇ يۈز ـ كۆزنى ھەدەپ،
تاپاندا ئۇششۇكتىن ملىك قاپارتىملار .
ئەتراپ قار، ھەر ياندا سوغۇق پارقىراش،

دېسەك: «چىلى بۇ سۇنئىي پارقىراتمىلار»،
ھېلىتىن چىرىسلاپ پۇچۇلدى، سۇندى،
ئالەمنى بىر ئالغان مۇزلۇق چاتمىلار.
بەرھەقكى، ئانا يەر باھار قۇچقاندا،
بۇلاقتىن ئۇچقۇيدۇ شارقىراتمىلار!...

1998 - يىل فېۋرال، خوتەن



# تەڭرىتاغ، تارىمدا سر، كەچمش تولا

تەڭرىتاغ، تارىمدا سر، كەچمش تولا،
ئاغزىدا خەقنلڭ ئەجەب مش ـ مش تولا .
تىنچ ـ ئەمنلك ئاز، بىراق تەشۋىش تولا،
ئەلگە نامەلۇم گۇناهلىق ئىش تولا .

شۇ گۇناهلىق ئىشقا شاهت نەچچلەر،
شۇ گۇناهقا هەمشېرىك بەگ ـ بەچچلەر .
بۇنى پۈتكەن تارىخىغا خەتچلەر،
بۇ پۈتۈككە چۈشمگەن «كۆز، قش» تولا .

بۇ غەلەت «يەڭگۈش»نى پەيدا قىلدى كم؟
بۇ خاتا قسمەتكە شەيدا قىلدى كم؟
ئۇ ــ «يېتىمدىن هالۋا قىزغانغان هېكىم »
ئۇشبۇ دەم شۇنداققا، ئىست، پەرۋىش تولا .

شۇ غەلەت، يەڭگۈش -- خاتا دەرگاهلىرى
ماختىلىپ، سەمرىپ ئۇنىڭ ئەرۋاهلىرى،
گۆرىدىن چىققان يەنە ئەبگاهلىرى،
ئوت بولۇپ ئەپقاچتى گەپ -- ئەندىش تولا .

بالا — ئۇششاقلار ھېرىسمەن ھەممىگە،
گاھ چۆچەك ئاڭلاشقا، گاھى غەلۋىگە .
«غەلۋە ـ شوخلۇق» شوخ بوغۇنلار قەلبىگە
سىڭسە، كەچمىش بولىدۇ، سەمرىش تولا .

بىر كۈنى شۇ «غەلۋىخور»لار يول توراپ،
ئېيتتى: قوغلاپ كەلدى كۆك ئوت يالتىراپ ،
ئۇ نېمە، ئالۋاستىمۇ — ھالى خاراب،
ئاڭلىساق ئالۋاستى — جىن سەتمىش تولا .

مەن دېدىم: بولما تەقەززا ئۇنچىلا،
بىر يېشىل ئوت قورقۇتامدۇ شۇنچىلا،
ئۇ ئەمەس ئالۋاستى — كۆك كۆزلۈك بالا،
روھ ئۇ، قورۇنغان ئۇچۇن دەردمىش تولا .

شۇ يېشىل ئوتنىڭ سىرىنى دەپ بېرەي،
(سىر ئارا مىڭدىن بىرىنى دەپ بېرەي)،
روھى ئاچىنىڭ دەردلىرىنى دەپ بېرەي،
ئاھ، ئۇ روھقا كۈندە غەم يەتمىش تولا .

كەڭرىگەننى ياخشى تۇتماي تەڭرىقۇت،
ئات مىنىپ، چۆشمەي ئېگەردىن ئالسا يۇرت،
روھى قورۇنامدۇ گۆردە، ھە، بۇ ئوت،
نەق شۇ ئوت، ئوتتا كېلىش ـ كەتمىش تولا .

بىر زاماندا سەلتەنەت دەۋران بىلەن،
يۇرت سوراپ ئافراسىياپ جەۋلان بىلەن .

تۈتتى ئىلكىدە جاھان پەرمان بىلەن،
ئۆتتى ھەر كۈن نەغمە ـ ساز خەندان بىلەن .

شاھ زىرەك، مەرد، پەھلىۋان، ساھىبقىران،
ئەسكىرى باتۇر، تىنىق — نەپسى بوران .
تىترىدى دەپ ئاڭلىسا جايى تۇران،
شۇ تۇرانلار كەتتى بىر جەريان بىلەن .

نالە ـ گىريانى كۆزىدىن تامچىلاپ،
دەرد ـ پۇشايماندا ئۆزىنى قامچىلاپ،
ئاھلىرىنى ئوت بىلەن ئارغامچىلاپ،
كۈندە چاپقاي بىر تالاي ئارمان بىلەن .

بىر زاماندا تەڭرىقۇت بولغان ئوغۇز،
كەڭ جاھاننى ئىلكىگە ئالغان ئوغۇز،
ھەممە تىل: لەشكەر، قورال، ئات ھەم بوغۇز،
ياشىغان خانتەڭرىدە ئەلھان[1] بىلەن .

بەيئىتىگە ھەممە تەڭ قول باغلىغان،
ئۇ ئۆزىنى بارچىدىن چوڭ چاغلىغان .
كېيىن ئۇمۇ ھەسرەت بىلەن دىل داغلىغان،
پۇشتى قالغان ئازغىنە دەرمان بىلەن .

شۇ ئوغۇزخان روھى قورۇنغاچ بۇ دەم،
كۆزلىرىدىن ئوت تۆكۈپ ئۇ دەم ـ بەدەم .
يۇرت كېزىپ ئەرۋاھ سىياق تاشلار قەدەم،
سۆرىلەر ھەر ئىزدا ئوت ئەلۋان[2] بىلەن .

بىر زاماندا قاراخانلار خان بولۇپ،
داڭقى ئالەم ئىچىدە كەڭ ئەفشان بولۇپ،
چاپچىغان بايتاللىرى رەخشان بولۇپ،
«ئالمالىق»، «ماچىن»دىكى مەيدان بىلەن.

باشقىچە نۇسرەتكە تولغان ئۇ زامان،
باشقىچە جەۋلاندا بولغان ئۇ زامان.
ئۇ زاماندا يۇرت پاراۋان، ئەل ئامان،
دىل ھۇزۇردا شەربىتى پەيمان بىلەن.

شۇ زاماننىڭ كاتتىسى سۇلتان سۇتۇق،
ئەدلى ـ ئادالەتتىن قۇچۇپ يۇرگەن ئۇتۇق.
كېيىنكى تارىخ بەتلىرى بولغاچ تۇتۇق،
روھى يىغلاپ تۆكتى ياش ئەفغان بىلەن.

پايتەخت يەكەندىكى سۇلتان سەئىد
قىلدى بىر مەزگىل جىمى ياقنى زەبت.
ئەمما يۇتقۇزدى ئەلەم يالغان زاھت،
دوست بولۇپ ئۆتكەچ لەئىن شەيتان بىلەن.

كونا روھلار — كونا ئوت، رەڭگى كۆكۈش،
يېڭى روھلاردا غەزەپلىك ئوت تۆكۈش،
بۇ ئەمەس ھېچقايسىنى ماختاپ ـ سۆكۈش،
روھ بىغىنى لىقلىماق رەيھان بىلەن.

ئاۋۇ كۆيگەن راشىدىن شاھنىڭ ئوتى[3]،
ماۋۇ كۆيگەن ھاجى پاشانىڭ ئوتى[4].
ئۇشبۇ ئوتلار روھى ئەھيانىڭ ئوتى،
ئوتكى، ئۇلغايغان شىھىت ـ پالۋان بىلەن.

بار يەنە سادىر ئوغۇلنىڭ ئوتلىرى،
ھەم خوتەن، قەشقەر، قۇمۇلنىڭ ئوتلىرى.
ئۇشبۇ ئوت ئۆچ ـ ئىنتىقامنىڭ ئوتلىرى،
ئۇلغىيار ئۇ، ئۆچمىگەي يالغان بىلەن.

ياخشى روھلاردىن ئاشۇنداق ئوت ئۇچار،
ئەمما بىر ئوت بار، ئۇ بەك سۇس، تۇن قۇچار.
كۆرسە ئادەمنى، قىسسپ قۇيرۇق قاچار،
چۈنكى ئاچ، يوق ماغدۇرى يانغان بىلەن.

مەن شۇ ئاچ روھتىنمۇ ئازراق گەپ ئاچاي،
روھى ئاچ ئەرۋاھ بۇ يۇرتتا بىر تالاي،
ئۇ كىرەر گاھ شاھ سىياق، گاھ بوپ مالاي،
تونۇشۇڭلار قىسمىتى پايخان بىلەن.

بىر زاماندا خوجا ئاپاق — زاتى پەس
بىر تاماندىن كەلدى، يۇرتقا پاتتى تەس.
پىتنۇالغاندىن كېيىنلا قىلدى قەس،
ئانا ئەلنى شۇ تۇپەيلى باستى نەس.

«قارا تاغ»، «ئاق تاغ»قا ئايرىپ خەلقنى،
سوپى ـ ئىشانلىقتا بۇلغاپ ئەقلنى،
يانغا تارتىپ قانخۇمار ئەبلەخلىنى،
مەرىپەت ئەھلىنى قىلدى خارۇخەس.

ئۆزى ئىچكەن قانغا قانماي، چىش بىلەپ،
ماڭدۇرۇپ شىزاڭغا ئەلچى جان تىلەپ.
قىز بېرىپ چيەنلۇڭغا قۇلدەك ئۆملەپ،
قەتلىئامى بولدى: باش ئال، تىلنى كەس.

نەچچە مۇددەت باستى زۇلمەت ئۆلكىنى،
قىلدى تۇتقۇن شاھ مۇقام، كۈي — كۈلكىنى .
ئاخىرى يەر يۇتتى مەلئۇن تۈلكىنى،
كەتتى بۇت دەرگاھىغا ئۇ بۇتپەرەس .

كەلدى ياقۇپبەگمۇ شىلتىپ نەيزىنى،
ئۇ قاچۇردى ئالتە شەنىڭ پەيزىنى .
ئاستى ئون يىل «شاھ» دېگەن پەيپەيزىنى،
ئۇنى تىقتى گۆرگە ئوغا — زەھرى مەس .

كۆز ئالايتىپ چىقتى زوزۇڭتاڭ يانا،
دەپ: بۇ چەنتۇلارنى ئۆلتۈرگىن ـ چانا،
بولدى قىرغىن نەچچە مىڭ ئوغلان ـ ئانا،
بىرەھىم جاڭگالدا بوغدى ئۇ نەپەس .

كۆپ ئۇزاق ئۆتمەستە «دۇبەن» بولدى خان،
پۇل ـ مېلى بارىنى بوغۇزلاپ تۆكتى قان .
ھەپسىگە كىرگە قەيەردە، بۇ نىھان،
ھىيلىدە باستۇردى ئۇ قوپقاننى دەس .

«ما» ئىسىملىك تەلۋىلەر مۇندا كېلىپ،
قاچتى مال ـ پۇلدىن بۆلەك جاننى ئېلىپ،
ئۆلدى ئۇ ھەم چۆل ـ جەزىرىگە قاپسىلىپ،
ھېچ كىشى رەسۋالىقى بۇنداق ئەمەس .

بولدى بەس، نامىنى قەيت قىلغانلىرىم —
روھى ئاچ ئەرۋاھ، بۇ «جاللات»، ئاۋۇ «پىرىم»،
ھەممىسى قانخور، سىياقىدا گىرىم،
تەكتىدە بىرى ئەلەس، بىرى بەرەس .

كۆرگىنىڭلار شۇ، ئەمەس ئوت، ئوت سىياق،
سۆرىلەر ئاخشامدا بىماغدۇر، ساياق .
كەلسە قوغلاپ، قاچىدۇ ئۇرسا تاياق،
ئەستە ساقلاڭلار، بۇ گەپ چاقچاق ئەمەس .

روھى قورۇنماق پۇشايمانىنىڭ ئىشى،
روھى ئاچلىق ئىككى ئالەم تەشۋىشى .
ئەنە شۇ ئوت بوۋىلارنىڭ، سۇس - بوشى
تېنىگەن روھ، ئۇنى ھېچكىم ئەسلىمەس .

## خاتىمە

ئەتە - كەچ ئەتراپىنى كەزسەڭ، باللار،
لىقلىنار قەلبىڭدىكى كەم - چالىلار .
سېنى قەستلەر كۆڭلى ئەگرۇ ئالىلار،
«كىم؟» دېسەڭ، ئۇ ئوغرى — ئارمان دەللىسى .

«ۋەز»لىرىمدىن نېمىنى بىلدى ئۇلار ؟
كېچە جىملىقنى بۇزۇپ كۇلدى ئۇلار .
باقتى چولپانغا، يوغان تىندى ئۇلار،
كەتتى روھلار ئالىمگە غەلۋىسى . . .



① ئەلھان — ناخشا.
② ئەلۋان — رەڭ.
③ ④ كۇچا ۋە خوتەن خانلىرى .

## ئەۋلاد غېمى

كۆكتە شۇڭقار پەرۋازىدۇر قاناتتىن،
نىشاندۇر ئىلمۇ ئېرپان سۇباتتىن،
سۇبات نېمە، ئۇ شېرىن بال ناۋاتتىن،
بىلىمسىزلىك مەھرۇم ئېتەر ھىماتتىن،
ھىماتسىزنىڭ يۈزى تۆۋەن ئۇياتتىن،
ئۇياتلىقلار بىبەھرىدۇر ھاياتتىن،
كىم ئۇمىدۋار بولسا خەير ـ ساۋابتىن،
ئەۋلادىنى قىزغانمايدۇ مۇرادتىن .

پەرزەنت دېگەن كەلگۈسىنىڭ ۋارىسى،
ئاتا ـ ئانا يۈرىكىنىڭ پارىسى،
بىلىم ئاشۇ دىلپارىنىڭ دارىسى،
«دورا» بىلەن كىمنىڭ يوقكەن كارىسى؟
ئۈزۈلگىنى ماغدۇرىنىڭ تارىسى،
ئۇ ئۈزۈلسە، باسار غەپلەت يارىسى،
قىلىنمىسا ئۆز ۋاقتىدا چارىسى،
قاششاق ئەۋلاد بولغاي ھالى خارابتىن .

بىلىم دېگەن ئېرپان — نۇرى ئىماندۇر،
بىلىملىككە مۇشكۇلاتلار ئاساندۇر،
بىلىم بىلەن يۇرت پاراۋان، ئاماندۇر،
بىلىمسىزنىڭ ھالى بەتتەر ياماندۇر،

ئۇنداقلارغا پاكار قىرمۇ داۋاندۇر،
بۇ بىلىمگە ئىمكانى كەڭ زاماندۇر،
كىمگە بىلىم تەھسىل قىلماق ئارماندۇر،
ئۆزار ئالغا، ئالدىن ئۆتەر پاراتتىن.

گەر مەرىپەت شامىدا دىل يورۇماي،
جاھالەتنىڭ يوللىرىنى تورىماي،
كەشپ، ئىجادتا يۈرتنى گۈلگە ئورىماي،
ئەۋلادىمىز بىلىمدىن قەنت شورىماي،
يۈرسە ھايتاق گۈلدىن قىچىپ پۈرىماي،
نە بولماقچى ماغدۇرىمىز خورىماي؟
نومۇس، يۈرسەك ئۆزىمىزنى سورىماي!
بۇ ھال قىلار بىزنى باغرى كاۋاپتىن.

يامان ئىشتەك باللارنى ئوقۇتۇش،
مەكتىپكە ئەۋەتمەك يوق، قورقۇتۇش،
مال باققۇزۇش، ئۆيدە چىلتەك توقۇتۇش . . .
شۇنداق قىلىپ ئاققا قارا يوقۇتۇش،
بۇ ئەمەسمۇ قۇشقا قىسماق چوقۇتۇش،
ئاھ، بۇ بىزگە قانچىلىك چوڭ يوقۇتۇش!
«ئۇخلا قوزام...» توغرىمۇ يا ئويغۇتۇش؟
ئۆزىمىزنى قاچۇرمايلى جاۋابتىن.

باللارنىڭ ئەتىسىدۇر بەختىمىز،
باللارنىڭ ئىلكىدە ساق تەختىمىز،
باللارغا قارام «نىسى»، «نەق»ىمىز،
باللارنى بىلسەك «ئىمام مەھدى»[1] مىز،

پەرۋىشنى كۆزلەش بولسۇن ئەھدىمىز،
ناچار يېپتا پۇتمەس ئىبسىل رەختىمىز،
شۇنچىلىكنى بىلگەن تۇرۇپ ئەمدى بىز،
تەييارلامدۇق ئىزباسارنى «ئاۋاپ»[2] تىن؟

«بىلىم -- كۈچ!» ئۇ -- ئەلانىڭمۇ ئەلاسى،
بىلىمسىزگە نەدە كىمنىڭ پەرۋاسى،
ئۇنداقلارنىڭ جاپا دائىم ھەمراھى،
دەيمەن شۇڭا: ئۆسسە ئەۋلاد ساپاسى،
بىلىم يارى، بولسا ئاڭا ئىخلاسى،
بوپقالمىسا «بىلمەس»لىكنىڭ لەقۋاسى،
يېزىش مەندىن، سەندە ئۇنىڭ ئىجراسى،
نەپ ئال، يارەن، بۇ تەشۋىشلىك ساۋاتتىن!

1996 ـ يىل 2 ـ ئىيۇن، خوتەن



① ئىمام مەھدى -- ئىسلام رىۋايىتىدىكى مەڭگۈ ھايات كىشى، ئۇ «ئاخىر زامان»دا پەيدا بو-
لۇپ، كىشىلەرنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرەرمىش .
② ئاۋاپ -- ئاچ كۆز، ئۈچرىغاننى ھاپ ئېتىدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشى.

## ئوغلۇمغا

«بىزنى بىر دەيدۇ خوتەنلىك»، بىل، بالام،
سەن ئۇنىڭ ھەقدارلىقىنى قىل، بالام.
مەيلى «كاج، جاھىل» دېسە خەق، ئۆز ئىشى،
تاقنى جۇپ دەپ ئاچما ھەرگىز تىل، بالام.
رايى دىل تارتقاندا نۇسرەت ھەرقاچان،
بىمەيل «ماقۇل» ئېتەر نەق سىل، بالام.
توغرىنى دەپ توغرا باش كەتسە شەرەپ،
باشنى قوغداپ قىلما «قىل»نى «پىل» بالام.
قاشتېشى نەدە، شېغىل تاش نەدە، ئېيت،
تەكتى ناچارنى دېمە سەرخىل، بالام.
رەڭدە تۇچ زەردەك جۇلالايدۇ، بىراق
ئېتىباردا، ئويلا، قايسى خىل، بالام؟
ئەمما، تەتۈر تارلىما ئۇلۇق نەرسىنى،
كاجنى ئوڭشارمىش بازار، ئاي، يىل، بالام!



# ئارتۇقچە

ئەدەپ ئۇقماسقا كۆرسەتكەن ئەدەپ ئارتۇقچە ـ ئارتۇقچە،
ياراشماسلارغا زايىدۇر سەدەپ، ئارتۇقچە ـ ئارتۇقچە .
غەرەز ئۇقمايدىغانلارغا نەسىھەت بوش ـ بىكار كەتكەي،
«ئۇرۇپ تۇرسا، كۈلۈپ تۇرسا»، غەزەپ ئارتۇقچە ـ ئارتۇقچە .
ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگە گۈل تاقاپ كۆر، بەرىبىر مۈڭگۈز،
ئۇنى سەن بولما ئاۋارە بېزەپ ئارتۇقچە ـ ئارتۇقچە .
دېسەڭ: «يەلكەمنى قىل شوتا؟» دېسە: «يوق ئۆگزىگە رايىم ...»
بۇ ياڭلىغ روھى غاپىلغا مەدەت ئارتۇقچە ـ ئارتۇقچە .
دېيەك قويساڭمۇ ئۆرۈلگەي تېگىدىن دەزلىگەن لاي تام،
كۆچۈڭنى قىلمىغىن ئىسراپ تۈزەپ ئارتۇقچە ـ ئارتۇقچە .
جاھان رەپتارىغا باققىن، ئەقىل ھۇجرائىغا شام ياققىن،
جۇۋايىسەن ئۈپرىتىپ جاننى نە دەپ ئارتۇقچە ـ ئارتۇقچە ؟ ...
بەخت ئاسماندىمۇ؟ تۈگۈلۈك ماراشتىن نە مۇراد ھاسىل،
كۆتۈرگىن باشنى! سۆزلەتتىڭ ئەجەب ئارتۇقچە ـ ئارتۇقچە ...

1998 ـ يىل 22 ـ ئاۋغۇست



# يېشىڭ ئاتمىشقا قىڭغايدى ...

كۆڭۈل رىشتىڭنى چات، روزى، مۇھەببەتتە گۈزەللىككە،
تىرىشقىن، ئالدىرا ئەمدى ئۈمىد ـ ئارمانى ھەللىككە .
چوقۇم ۋىجدان بىلەن ئىش قىل، ئەقىل ـ ئىدراكنى پەرۋىش قىل،
ئۇنى چاقتۇرمىغىن ھەرگىز غۇبار — ئىللەت، كېسەللىككە .
ئىزىڭدىن ياخشىلىق ئۈنسۈن، سېغىنما بىرسىگە تەسلىك،
تىكىل قەھرىڭ بىلەن لەۋزى غەلەتلىك، بىئەمەللىككە!
نىشاندىن ئازمىسۇن ھەرگىز ئىجاد تۇلپارى، بەردەم بول،
قەلەمنى توسما مەنزىلدىن، ئۇچىنى نەقلە دەللىككە .
يېشىڭ ئاتمىشقا قىڭغايدى، پىكىر چىنلىقتا ئۇلغايدى،
يېزىشتىن توختىما، شوخلۇقتا قايت ئەرلىككە — ئەللىككە !

1999 ـ يىل 30 ـ ئۆكتەبىر

## ئانا تىلىم — زەر تىلىم

تىل ئالاقە قورالى، تىل قەلبىنىڭ ئەينىكى،
تىل ئادەمنى، ئالەمنى باغلاپ تۇرغان زەر رىشتە .
تىل خەزىنە، تىل ھېكمەت، تىل مۇھەببەت كۆۋرۈكى،
تىل ھايۋاننى ئىنسانغا ئايلاندۇردى پەرۋىشتە .

تىل نادانغا پەم بېرىپ، تىل زۇۋانغا تەم بېرىپ،
ھاياتلىقنىڭ ئابادى مېھىر تاپتى سۆيۈكتە .
شۇڭا ھەربىر قوۋمچۈن مەيلى كىچىك - چوڭ بولسۇن
ئانا تىلى — ئۆز تىلى شۇنچە ئۇلۇغ، بۈيۈك - تە!

ئۇيغۇر تىلى ئۇۋاق تىل، ئۇيغۇر تىلى ئوماق تىل،
سەككىز مىليون بۇلبۇلنىڭ ئاشۇ تىلدا ناۋاسى .
ئۇيغۇر تىلى كىچىك تىل، ئەمما تاتلىق، چۈچۈك تىل،
مەن شۇ تىلنىڭ شەيداسى، مىراسخورى — ھەقداسى .

ئۇ — ئانا تىل ئانامغا ئانىسىدىن يادىكار،
مەن بۇ تىلنى ئۆگەنگەن زاكامدىكى چاغلاردا .
ئاشۇ ئانا تىل بىلەن ئۇۋلاپ جانان مەيلىنى،
پاراڭلاشقان، سىرداشقان ئالمىزارلىق باغلاردا ...

بوۋام مۇشۇ تىل بىلەن يۈرىكىمگە پىچىرلاپ،
ۋاپادارلىق، مەردلىكنىڭ مىزانىنى بىلدۈرگەن .
ئوغلۇم، قىزىم ھەر كۈنى تۇمۇچۇقتەك ۋىچىرلاپ،
ھاياجانغا چۆمدۈرگەن، مۇرادىمنى كۈلدۈرگەن .

مۇشۇ تىلدا نەۋائىي كىيگەن ناۋا تاجىنى،
شاھ مەشرەپنى مۇشۇ تىل ئېرىشتۈرگەن شەرەپكە .
يۈسۈپكە «خاس ھاجىب»لىق ئاتا قىلغان مۇشۇ تىل،
مەھمۇد بوۋام شۇ تىلدا دەرس ئۆگەتكەن ئەرەبكە .

مەن شۇ ئانا تىل بىلەن پەرۋاز قىلىپ ئىجادتا،
زىمىستاننى لەنەتلەپ، تاڭغا مەڭگۈ — يۇز ياقتىم .
كۈلسە يۇرتۇم تەڭ كۈلدۈم، ئەل يىغلىسا ياش تۆكتۈم،
بىللە كۆيدۈم ئوتىدا، سۇلىرىدا تەڭ ئاقتىم .

مەن شۇ ئانا تىل بىلەن باغاشلىدىم باھارنى،
گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن چىمەنلەرنى ئارىلاپ .
مەن كۈلمەن، قوۋمىمنى كۈلدۈرىمەن قەلەمدە،
تىلغا ئۈنگەن ھارام شاخ، كۆتەكلەرنى پارچىلاپ!

شۇڭا دەيمەن: ئۆز تىلىم — گۆھەر تىلىم، زەر تىلىم،
بوپقالغىنى ئۈششاق تىل ئەمەس ھەرگىز ئىللىتى .
زەررە كىچىك، ئاتوم شۇ زەررىلەردىن تۈزۈلگەن،
مېنىڭ تىلىم ئاشۇنداق، ئاتومچە بار قىممىتى!

ئەي تەڭرىتاغ پەرزەنتى، ئۇزۇن سەپەر كارۋىنى،
سىپىماقتا مەڭگۈنى تاڭنىڭ مەيىن ساباسى .

**مۇھەببەتلىك باغاشتا كۆلۈپ يايرا، ياڭرىسۇن**
**سەككىز مىليون شاد دىلنىڭ ئانا تىلدا ناۋاسى !**

2000 ـ يىل 20 ـ ماي، خوتەن



# يار ماڭا ۋىجدان يولى

دەيدۇ ۋىجدان: ئازما ئىنسان، ئازمىغان ئىنسان زېرەك،
دەيدۇ شەيتان: ئوينا، يايرا، قىس ھۇزۇردىن گۈل ـ پورەك .
دەيدۇ ۋىجدان: يەت ۋاقتىنىڭ قەدرىگە، ياشلىقنى سۆي،
بۇ ئۆمۈر باقىي ئەمەس، تۇت پەيتنى، كەتمە بىدېرەك .
دەيدۇ شەيتان: غەم يېمەي، نان يەپ ھايات پەيزىنى سۈر،
ئەتنى كىم كۆردى، نەقنى چىڭ باغاشلا، شۇ كېرەك .
دەيدۇ ۋىجدان: بىل، تىرىكلىك باغى تەرسىز كۆكلىمەس،
تىك ئۆمۈر بوستانىغا ئەجرىڭدە شەمشاد، تال، تېرەك .
دەيدۇ شەيتان: قوي جاپانى، ئاچ كۆڭۈل ئىشرەت بىلەن،
نازدا باقمايدۇ جانانلار، كەتسە قۇربىدىن يۈرەك .
دەيدۇ ۋىجدان: تەقدىرىڭنى ئەلگە باغلا، ئەل قاياش،
ئەلدىن ئايرىلغان ساياقىا شان قىزى ئاچماس كۆرەك .
دەۋىتى شەيتانغا لەنەت! يار ماڭا ۋىجدان يولى،
بولمىغايمەن پەيلى ئازغۇن، روھي شالتاق دەڭگرەك[1].

2000 ـ يىل 21 ـ نويابىر

[1] دەڭگرەك — گېپى چوڭ، ھاكاۋۇر كىشى.

# ئانا تىلىم — زەر تىلىم


ئاپتورى : روزى سايىت
نەشرگە تەييارلىغۇچى : يالقۇن روزى
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورلىرى : ئايگۈل ، گۈلشەھەر
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ئايگۈل ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 3.875
قىستۇرما بېتى : 4
نەشرى : 2008 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5001—8000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—11687—4
باھاسى : 12.00 يۈەن

[General Information]
书名=我的黄金母语  维吾尔文
SS号=40232600